كارل ۋىتىر پەرزەنت تەربىيەسى جەۋھەرلىرى

The Education of Karl Witte

# بالىڭىزنى ئويۇن ئارقىلىق تەربىيەلەڭ

1



تىل تەربىيەسى
ئىقتىدار تەربىيەسى

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

用游戏来教育孩子. 1：维吾尔
甫编译. -- 乌鲁木齐 ：新疆人
ISBN 978-7-5372-5786-2

Ⅰ. ①用… Ⅱ. ①比
学参考资料—维吾尔语（
① G613.7

中国版本图书馆

书　　名
编　　译
策　　划
责任编辑
责任校
封面设
版式设
插图设
出
地
网
印
发
版
印
开
印
书
印
定

发行科

ئانا تەربىيەسى بالا ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. تارىختىكى مەشھۇر كىشىلەرنىڭ بالا تەربىيەلەشكە ماھىر ئانىلىرى بولغان. شۇڭا پەرزەنت تەربىيەسىنى ئانىسىنى تەربىيەلەشتىن باشلىدىم.

بالا تەربىيەلەشتە، بالىنى چوقۇم قىزىقتۇرۇش كېرەك. بالا قىزىقسا، ئاندىن تەربىيەنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ، ھالبۇكى بالىنى قىزىقتۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى تەربىيەنى ئويۇنغا ئايلاندۇرۇش.

تالانتلىق ئادەملەرنىڭ ئاساسى بالا مەزگىلىدە تۇرغۇزۇلىدۇ. شۇڭا بالىنى بالدۇر تەربىيەلەش كېرەك، قانچە بالدۇر تەربىيەلىسە، ئۈنۈمى شۇنچە روشەن بولىدۇ.

بالا تەربىيەلەشتە يېتەرلىك سەۋر- تاقەت ۋە ئەقىل - پاراسەت بولۇشى كېرەك.

ھېكايە سۆزلەش بالا تەربىيەلەشتىكى ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنىڭ بىرى. دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى، بالىغا ھېكايە سۆزلەپلا قالماي، يەنە بالىنىمۇ سۆزلەتكۈزۈش كېرەك.

ئويۇن بالىنى قىزىقتۇرالايدۇ، ئەگەر ئويۇن ئەقىل ۋە چوڭقۇر مەنىگە تويۇنسا، بالا ئويۇن ئويناپ، تالانت ئىگىسىگە ئايلىنىدۇ.

ھەممە ئادەمدە تۇغما ئىقتىدار بولىدۇ، ئەگەر بالا ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا ئۇنىڭدىكى يوشۇرۇن ئىقتىدار ئەڭ چوڭ دەرىجىدە قېزىلسا ئۇنداقتا ئۇ «تالانت ئىگىسى» گە ئايلىنىدۇ. بولمىسا ئادەتتىكى ئادەم بولىدۇ. ھەربىر يوشۇرۇن ئىقتىدارنىڭ ئاچىدىغان ئەڭ ياخشى مەزگىلى بولىدۇ، ئۇ بولسىمۇ سەزگۈر مەزگىلى.

بىر ئادەمنىڭ خاراكتېرى ئۇنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بىر ئادەمنىڭ ئېسىل ئەخلاق - پەزىلەتكە ۋە ياخشى خاراكتېرگە ئىگە بولۇشى بىلىملىك ۋە ئىقتىدارلىق بولۇشتىنمۇ مۇھىم.

تېلېفون: 18016892489
ئۈندىدار: 18016892489
QQ : 18016892489
ئىككىلىك كودنى سكانىنرلاپ، بىزنى قوشۇۋېلىڭ

# بالىلار بىزنىڭ، بىزنىڭ بولسۇن

## (كىرىش سۆز ئورنىدا)

### ئابدۇقادىر جالالىدىن

تۇرمۇشىمىزدا بالا بېقىشنىڭ گېپى بولۇپ تۇرىدۇ. «بالا بېقىش» دېگەن ئىبارىدە بالىنىڭ ئوزۇقلىنىشى، كىيىنىشى ۋە بىخەتەرلىكىگە بولغان كاپالەت ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. ھاياتلىق بىر ئىنساننىڭ ئاساسىي زېھنىنى ئىگىلىگەندە، يەنى ئادەمنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرى جان بېقىش، تىرىكچىلىك قىلىش، ئۆزىنى قوغداپ قېلىشنىڭ نېرىسىغا ئۆتمىگەندە، بۇنداق ئەھۋال بىر ئادەمنىڭ پۈتۈن ئۆمرىنى ئىگىلىگەندە، ئۇ ئادەم جاھانسازلىقتىن ھالقىپ، سۈپەتلىك تۇرمۇش ھەققىدە خىيال سۈرەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. نەتىجىدە «بالا بېقىش» ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بالىلارغا نان تېپىپ بېرىش مەنىسىدە چەكلەنگەن بولىدۇ. خەلقىمىز ئەمەل قىلىپ كەلگەن ئىبادەت ۋە تىجارەت ئەقىدىلىرىدە، پەرزەنت تەربىيەسىگە دائىر قىممەتلىك، مول تەجرىبىلەر بار. بىزنىڭ بۇلارنى قېزىشىمىز يېتەرلىك ئەمەس، تەتقىق قىلىشىمىز يېتەرلىك ئەمەس، ئۇلارنى ھازىرقى كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزغا تەتبىقلىشىمىز يېتەرلىك ئەمەس. پەرزەنت تەربىيەسى ھەققىدىكى قىلغانلىرىمىز مۇئەييەن بىر ئادەت تۈسىدە كەلدىكى، ئەقىل بابىدىكى چۈشىنىش، تەتقىق قىلىش، ئۆزگەرتىش، يېڭىلاش، زاماننىڭ ئەلپازىغا ئۇدۇللاش تەرىقىسىدىكى ئۇرۇنۇشلىرىمىز يوق ھېسابتا بولدى. جاھان جىق ئۆزگەردى، ئەتراپىمىزدىكى مۇھىت بارغانسېرى بىزگە ناتونۇش تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۆزىمىزمۇ ياتلىشىپ كېتىۋاتىمىز. گويا ئاساسىي ئېقىمغا ئۆز تاللىشىمىزنى يوقاتقان يېگانە پىلانىتا بولۇپ قالدۇق. بالىلىرىمىزنى يەسلى ياكى مەكتەپكە تاپشۇرۇپ بېرىپلا، تىرىكچىلىك غېمىدە پىتىراپ يۈردۇق. ئەۋلاد تەربىيەسىنى ئاتا ـ ئانىلار ئۆزلىرى قىلماي، ھاۋالە شەكلىدە ئادا قىلىدىغان بولۇپ كېتىشتى. بۇنىڭ ئاقىۋىتىدىكى ساناقسىز بەدەللەر مۇھاكىمىسىز قالدى.

ئەمەلىيەتتە، ھازىر بىزگە پەرزەنت تەربىيەسىدەك تەخىرسىز مەسىلە بولمىسا كېرەك. ئۇ بىز قىلالايدىغان، لېكىن سەل قارالغان مەسىلە. تەربىيە كۆرگەن ئۇقۇمۇشلۇق ئاياللار ئەرلىرىنىڭ كاپالىتىدە زېھنىنى پەرزەنت تەربىيەسىگە قاراتسا، تەربىيە مەسىلىلىرىگە ئائىت ئىجابىي تەجرىبىلىرىنى كېڭەيتسە، ئۇلارنىڭ قوللىرىدىمۇ قەلەم توختىسا، ئائىلە، نىكاھ، پەرزەنت تەربىيەسى ساھەسىدە ئاياللاردىنمۇ مۇتەپەككۇرلار چىقسا، زىيالىي ئاياللاردىن تەشكىللەنگەن ئەنجۇمەنلەر ئىجتىمائىي دۇرۇس ئېنېرگىيەنىڭ يادروسىغا ئايلانسا، پۇلدارلار بۇ ھەقتىكى تەتقىقات ۋە ئىزدىنىشلەرگە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ھامىي بولسا، پۈتۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئەۋلاد تەربىيەسىنى ئۆزىنىڭ بىلىش تەجرىبىلىرى، مائارىپ ئەنئەنىلىرى، گۈزەللىك ئېڭى بىلەن مەزمۇنلىسا، بۇ ئۆز نۆۋىتىدە زامانىۋى بىلىم ۋە ئەندىزىلەر بىلەن بېيىپ بارسا، ئىستىقبال ھەر كىمنىڭ ئۆز قولىدا بولار ئىدى.

بىلال ياقۇپ، ئاينۇر دولقۇن، ئايبۇۋى نەزەر قاتارلىق ئاپتورلارنىڭ ھەمكارلىقىدا

«بالىڭىزنى ئويۇن ئارقىلىق تەربىيەلەڭ» دېگەن كىتاب ۋۇجۇدقا كەپتۇ. بىر چاغلاردا ئوقۇرمەنلىرىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشكەن «كارل ۋېتىرنىڭ پەرزەنت تەربىيەسى» ناملىق كىتاب يۇقىرىقى ئاپتورلارنىڭ ئەمگىكى بىلەن قولىمىزغا يېتىپ كەلگەن بولۇپ، ئاممىباب ھالەتكە كەپتۇ. بۇ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنت تەربىيەسىگە ئائىت ھالقىلىق يەكۈنلەرنى جەريان ۋە باسقۇچلار ئارقىلىق ئىگىلىشىگە قولايلىق يارىتىدىغان ئەمگەك بوپتۇ. ئەلۋەتتە، كىتابتىكى پىكىرلەر تەرجىمىدىن كەلگەندۇر. كىتابنىڭ قۇرۇلمىسى، كىرىشتۇرۇلگەن رەسىملەرنى نەزەرگە ئالغاندا ئىجادىي ئەمگەكلەرنىڭمۇ خېلى سالمىقى بار ئىكەن. لېكىن ھېس قىلالمايمىز، بىر پارچە ئەسەرنى تەرجىمە قىلىش ياكى تۈزۈش زۆرۈرىيىتى ھەققىدىكى ھېسمۇ بىر ئىجادىيەت، تەرجىمە باسقۇچلىرىمۇ ئىجادىيەتتۇر. ئومۇمەن، ھەرقانداق ئەمگەك ئىجادىيەتتۇر. بىرلا شەرت: بۇ ئەمگەك ئۆز تاللىشىڭىزدىن ئۆتۈشى كېرەك.

بىلال ياقۇپ، ئاينۇر دولقۇنلار بىز تازىلىغان بۇلاقلاردىن سۇ ئىچكەن ئاسپرانتلار، ئۇلارنىڭ رىزقى قوشۇلۇپ، پەرزەنتلىك بولغاندىن كېيىنكى كەچۈرمىشلىرى تەقەززاسىدا مەزكۇر كىتابنى ئورتاق ئەمگەككە نىشانلاپ، ئاخىر بىر باشقا ئېلىپ چىقىپتۇ. مەن ئۇلارنىڭ بۇ تۇنجى مېۋىسىدىن سۆيۈندۈم. بىزنىڭ ئوقۇغان خانىم ـ قىزلىرىمىز ئاز ئەمەس، ئۇلارنىڭ كۆپلىرى ئىدارە ـ ئورگانلارنىڭ خىزمىتى ۋە تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدىن ئېشىنالمايلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. لېكىن ئۇلار شۇ ھەلەكچىلىكتىن ھالقىپ، ئەۋلاد تەربىيەسى بابىدا جەمئىيەتكە كۆڭلىنى ئىزھار قىپتۇ. بۇ كىتابنىڭ ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدىكى مول ئەقلىي مەھسۇلاتلىرىدىن بىر بېشارەت بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ، مۇشۇ كىرىش سۆزنى ئارمىغان قىلدىم.

كىتابنىڭ ئىلمىيلىكى، ئەمەلىيلىكى جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ باھاسى ئارقىلىق مۇئەييەنلەشسۇن. مېنىڭ ئارزۇ قىلىدىغىنىم: ئەۋلاد تەربىيەسى ھەققىدىكى تەلقىنلەر كۆپەيسۇن، ئىلمىي تەتقىقاتلار ۋە ئىزدىنىشلەر ئېھتىياجىمىزدىن ئاشقۇدەك بولسۇن. شۇ چاغدىلا بىز نوقۇل بىيولوگىيەلىك ئاتا ـ ئانا بولۇشتىن ئىنسانىي ئاتا ـ ئانا بولۇشقا، ئەقىل ۋە مەنىۋىيەت سەيناسىدىن ئىززەت تېپىشقا مۇيەسسەر بولالايمىز.

2014 ـ يىل 16 ـ نويابىر ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# مۇندەرىجە

## 1 ـ بۆلەك تىل تەربىيەسى

01

بالىغا گەپ قىلىشنى قانچە بۇرۇن ئۆگەتسە شۇنچە ياخشى 1

ئۈچ ياشتىن بۇرۇنقى ۋاقىت بوۋاقنىڭ تىل تەرەققىياتىدىكى مۇھىم ۋاقىت بولۇپ، ئاتا ـ ئانىلار مۇشۇ مەزگىلدىن باشلاپلا بالىنىڭ تىلىنى بالدۇرراق چىقىرىشقا تىرىشىشى كېرەك. بوۋاققا تىل چىقمىغان چاغدىن باشلاپلا شەيئىلەرنى تونۇتۇشى، كۆپ گەپ قىلىپ ......

02

بالىغا ئۆلچەملىك تەلەپپۇزدا سۆزلەڭ 15

شېۋىنىڭ مەدەنىيەت ئۆگىنىشكە نىسبەتەن چەكلەش تەسىرى بولىدۇ. ئۇ بالىنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارى، چۈشىنىش ئىقتىدارىغا بەلگىلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار بالىغا سۆز قىلغاندا چوقۇم ئۆلچەملىك تەلەپپۇزدا سۆز قىلىپ، بالىنى ......

03

«ئاڭلاش» ۋە «سۆزلەش» ئوخشاشلا مۇھىم 28

كىچىلىك ئاڭلاش مۇھىتىدا چوڭ بولغان بالىنىڭ سۆزلەش ئىقتىدارىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. ئاڭلاش ئىقتىدارى سۆزلەش ئىقتىدارىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلارغا شېئىرلارنى ھېسسىياتلىق دېكلاماتسىيە قىلىپ بېرىشى بالىدا ئۆزىگە ......

04

كۆپ مەشىقلەنسە، ياخشى سۆزلىيەلەيدۇ 41

كۆپ سۆزلەش تىلدىكى بەزى نۇقسانلارنى تۈزىتىش ھەم بالىنىڭ سۆزلەش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى ئاچقۇچلۇق ئامىل. بالىغا سۆزلەشنى مەشىق قىلغۇزغاندا چوقۇم بالىنىڭ پىسخىك ئېھتىياجىنى چۈشىنىپ، ۋاقتىدا ماختاش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش ......

05

چەت ئەل تىلىنى خۇشال ئۆگىنىش 54

بالىنى چەت ئەل تىلى مۇھىتىدا تۇرغۇزۇپ، ھەر خىل ئويۇنلار ئارقىلىق بالىنىڭ قىزىقىشىنى ۋە ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاش بالىنى چەت ئەل تىلىنى ياخشى كۆرگۈزۈشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى. ياخشى چەت ئەل تىل ئاساسى كەلگۈسىدە بىر تۇسالغۇنى ئازايتىپ ......



# مۇندەرىجە

## 2 ـ بۆلەك ئىقتىدار تەربىيەسى


01

**هەممە ئادەمدە يوشۇرۇن ئىقتىدار بولىدۇ 73**

ئەگەر بالا ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا ئۇنىڭدىكى يوشۇرۇن ئىقتىدار ئەڭ چوڭ دەرىجىدە قېزىلسا ئۇنداقتا ئۇ «تالانت ئىگىسى» گە ئايلىنىدۇ. بولمىسا، ئادەتتىكى ئادەم بولىدۇ. ھەربىر يوشۇرۇن ئىقتىدارنىڭ ئاچىدىغان ئەڭ ياخشى مەزگىلى ......

02

**تەربىيەنى بالدۇر باشلاش كېرەك 88**

كارل ۋېتىر بالىنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارى تەدرىجىي كېمىيىش قائىدىسىگە بويسۇنىدۇ دەپ قارايدۇ، يەنى ئەگەر بىر بالىدا تۇغۇلۇشىدا 100 نومۇرلۇق يوشۇرۇن ئىقتىدارى بولسا. ئەمما بەش ياشقا كىرگۈچە ماس ھالدىكى تەربىيە بېرىلمىگەن بولسا، يوشۇرۇن ئىقتىدارى ......

03

**بالىنىڭ سەزگۈ ئەزالىرى يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى ئېچىش 107**

باللارنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ يېتەرلىك غىدىقلىنىشى چوڭ مېڭىسىنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئەگەر بالدۇرراق تەرەققىي قىلدۇرۇلمىسا، بالا تەرەققىي قىلىش پۇرسىتىدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ قېلىشى مۇمكىن، شۇڭا بالىنىڭ ......

04

**بالىنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، ئۇسۇلغا دىققەت قىلىش كېرەك 125**

ئاتا ـ ئانىلار بالىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرماقچى بولغاندا، بالىنىڭ ئەمەلىي سەۋىيەسى ۋە ئالاھىدىلىكىگە باغلاپ، ئۇنىڭغا ئەڭ ماس كېلىدىغان ئۇسۇلنى تاللاش كېرەك. ئويناش باللىق دەۋرىدىكى مۇھىم پائالىيەت، شۇنداقلا ئەڭ ئۈنۈملۈك ......

05

**بالىنىڭ تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش 139**

ئومۇمەن زور ئۇتۇق قازانغان ئادەملەرنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچى ۋە ئىجادىي كۈچى ناھايىتى ياخشى بولىدۇ. تەسەۋۋۇر كۈچى بىلىمدىنمۇ مۇھىم. باللىق مەزگىلىدە قىزىقىش ئەڭ كۈچلۈك بولىدۇ، بۇ تەسەۋۋۇرنى يېتىلدۈرۈشنىڭ ئەڭ ياخشى مەزگىلى. بالىنىڭ ......

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 1 - بۆلەك

## تىل تەربىيەسى

### 1. بالىغا گەپ قىلىشنى قانچە بۇرۇن ئۆگەتسە شۇنچە ياخشى

ئۈچ ياشتىن بۇرۇنقى ۋاقىت بوۋاقنىڭ تىل تەرەققىياتىدىكى مۇھىم ۋاقىت بولۇپ، ئاتا - ئانىلار مۇشۇ مەزگىلدىن باشلاپلا بالىنىڭ تىلىنى بالدۇرراق چىقىرىشقا تىرىشىشى كېرەك. بوۋاققا تىل چىقمىغان چاغدىن باشلاپلا شەيئىلەرنى تونۇتۇشى، كۆپ گەپ قىلىپ بېرىشى كېرەك. بۇ خىل ئۇسۇللار بوۋاقنىڭ تىل ئىقتىدارىنى بالدۇر يېتىلدۈرۈپلا قالماي، تىلىنىڭ بالدۇر چىقىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. بوۋاقنىڭ تىلى بالدۇر چىقسا، نۇتۇق قابىلىيىتى ئۈچۈن پايدىلىق بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭ لوگىكىلىق تەپەككۇر يۈرگۈزۈشى ۋە ئەقلىي قابىلىيىتى ئۈچۈنمۇ پايدىلىق.





# بوۋاق ئىككى ھەپتىلىك بولغان ۋاقىتتىن باشلاپلا گەپ قىلىشنى ئۆگىتىش كېرەك



## ھېكايەت

كىچىك كارل تۇغۇلۇپ 15 ـ كۈنى ئىدى. كارل ۋېتىر خوتۇنى بىلەن بۆشۈكتە ياتقان كىچىك كارلغا قاراپ تۇراتتى، كىچىك كارلمۇ كۆلۈپ تۇرغان بۇ ئىككى كىشىگە قارايتتى. كارل ۋېتىر قولىنى كىچىك كارلنىڭ يۈزىگە ئاپاردى، كىچىك كارل دادىسىنىڭ بارمىقىنى تۇتۇۋېلىپ، ئاغزىغا سېلىپ ئېمىشكە باشلىدى. كارل ۋېتىر كىچىك كارلغا مۇلايىملىق بىلەن: «بارماق، بارماق» دېدى. كىچىك كارل دادىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپلا پۈتۈن دىققىتى بىلەن قارايتتى.

كارل ۋېتىر دائىم بالىسىغا يېڭى سۆزلەرنى ئۆگىتەتتى. شۇڭا كىچىك كارل تىلى چىقىپلا، نېمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى توپتوغرا دەپ بېرەلەيتتى.



## بىلدۈرگۈ

بالىنىڭ سۆزلۈك مىقدارى قانچە كۆپ بولسا، ئىپادىلەش ئىقتىدارى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. ئۈچ ياشقىچە بولغان ۋاقىت بالىنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرىدىغان ئەڭ دەسلەپكى ۋە مۇھىم ۋاقىت. بەزى بالىلار بەزى گەپلەرنى تەستە تەلەپپۇز قىلىدۇ. بۇنداق چاغدا ئاتا ـ ئانا بولغۇچى چوقۇم بىرەر نەرسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ئىسمىنى قايتا ـ قايتا ئۆگىتىش كېرەك. كارل ۋېتىر بالىسى تۇغۇلۇپ 15 كۈنلۈك بولغاندىن باشلاپلا ئۇنىڭغا نەرسىلەرنى تونۇتۇشقا باشلىغان. كىچىك كارلنىڭ تىلى چىققاندا، نۇرغۇن سۆزلۈكنى ئاڭلاپ تونۇپ كەتكەچكە، ئىپادىلەشتە ھېچقانداق قىينالمىغانىدى.

سۆزلۈك مىقدارى مول بولسا، بالىنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپلا قالماستىن يەنە، لوگىكىلىق تەپەككۇرىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. سۆزلۈك مىقدارى بالىنىڭ ئەقىللىق بولۇشى ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم ئاساس.

www.uyghurkitap.com






# رەسىم تونۇتۇش

ماس كېلىدىغان يېشى: 0 ~ 3 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ رەسىملىرى

ئويناش ئۇسۇلى

دادىنىڭ رەسىمىنى بوۋاقنىڭ ئالدىغا قويۇپ، رەسىمنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، بوۋاققا قايتا ـ قايتا «دادا» دەپ ئۆگىتىمىز. ئاندىن ئاپىنىڭ رەسىمىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، قايتا ـ قايتا «ئاپا» دەپ ئۆگىتىمىز. ئاخىرىدا دادا بىلەن ئاپا تەڭ چۈشكەن سۈرەتنى بوۋاققا كۆرسىتىپ تۇرۇپ «دادا، ئاپا» دەپ ئۆگىتىمىز.

ھەر كۈنى بوۋاققا پەقەت ئىككىلا ئادەم ياكى نەرسىنى كۆرسىتىش كېرەك. كۆپ بولۇپ كەتسە بولمايدۇ. ئىككىنچى كۈنى قايتا كۆرسىتىپ بولۇپ، ئاندىن باشقا رەسىمگە ئالماشتۇرسا ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ.

بۇ ئويۇننى ھايۋانلارنىڭ رەسىملىرىنى تونۇتۇپ ئوينىسىمۇ بولىدۇ.



# ئويۇنچۇقنى تۇتۇش

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 4 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: كولدۇرما، كىچىك توپ، ئېمىزگۈ قاتارلىقلار

ئويناش ئۇسۇلى

1. بالىنىڭ ئالدىدا كولدۇرمىنى ئۇياقتىن - بۇياققا مىدىرلىتىپ، دىققىتى كولدۇرمىغا مەركەزلەشكەن چاغدا چايقاشتىن توختىتىمىز. ئاندىن ئۇنىڭغا «كولدۇرمىنى ئالە» دەپ بەش - ئالتە قېتىم دەيمىز. مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق كىچىك توپ، ئېمىزگۈ قاتارلىقلارنى بالىنىڭ ئالدىغا قويۇپ ئىسمىنى دەپ بېرىمىز.

2. ئۈچ خىل نەرسىنى بالىنىڭ ئالدىغا قويۇپ بالىنىڭ تاللىشىغا قويۇپ بېرىمىز. ئەگەر بالا ئېمىزگۈنى ئالسا، ئارقا - ئارقىدىن «ئېمىزگۈ» دەپ بالىغا نېمىنى ئالغانلىقىنى بىلدۈرىمىز.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# نەرسە ئىزدەش ئويۇنى

ماس كېلىدىغان يېشى: **2 ~ 4 ياشقىچە**

كېرەكلىك نەرسىلەر: كىچىك دوسكا، بوياق، كىچىك ئورۇندۇققا ئوخشاش يېنىك، بىخەتەر نەرسىلەر

ئويناش ئۇسۇلى

1. كىچىك دوسكىغا كىچىك ئورۇندۇقنىڭ رەسىمىنى سىزىپ، ئاندىن ئۇنىڭ قايسى نەرسە ئىكەنلىكىنى تاپقۇزىمىز. تاپىدىغان نەرسىنى ئوچۇق يەرگە قويۇش كېرەك.

2. بالا ئورۇندۇقنى ئېلىپ كەلگەندە، ئۇنى ماختاپ بولۇپ، ئاندىن قايتا ـ قايتا «ئورۇندۇق» دەپ بالىغا ئۆگىتىمىز. ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرساقلا، بالا تەبىئىيلا ئورۇندۇقنىڭ ئولتۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى بىلىۋالىدۇ.



3. مۇشۇ شەكىلدە داۋاملىق نەرسىلەرنى سىزىپ بالىغا تاپقۇزۇش كېرەك. بالا ھەر قېتىم نەرسىنى تاپقاندا، ئۇنىڭغا نەرسىنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بېرىش كېرەك.

دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

ئويۇن ۋاقتى بەك ئۇزۇن، تاپقۇزىدىغان نەرسە بەك كۆپ بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك، بولمىسا بالىنىڭ خاتىرىسى قالايمىقانلىشىپ، يېڭى سۆزلەرنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ.



بالىدا بىر خىل تۇغما ئۆگىنىش ئىقتىدارى بولىدۇ، شۇڭا ئۇ ئەتراپتىكى ھەممە نەرسىگە قىزىقىدۇ. لېكىن ئۇ ئەتراپتىكى شەيئىلەرنى تونۇمىغاچقا، دائىم ئۇياق ـ بۇياققا قاراپلا تۇرىدۇ، دىققىتىنى يىغىپ، ئۇنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى تەپسىلىي كۆزىتەلمەيدۇ. شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار بالىغا گەپ ئۆگەتكەندە، ئالدى بىلەن بالىنىڭ دىققىتىنى تارتىپ، ئۇنىڭ دىققىتىنى پەقەت بىر نەرسىگە مەركەزلەشتۈرۈش كېرەك. ئۇنىڭغا نەرسىلەرنى بىلدۈرگەن چاغدا، چوقۇم ئاددىي، كونكرېت بولۇشى، ئارتۇقچە گەپلەر بولماسلىقى كېرەك. مەسىلەن: توپنى مەيلى قانداق توپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر پەقەت «توپ» لا دېيىش كېرەك. تىلى چىقمىغان بالىغا ۋاسكېتبول، ۋالېبول دېگەنلەرنى ئۆگەتسەك، ئۇنىڭ خاتىرىسى قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ.



# بالىغا گەپ ئۆگىتىشنى بالدۇر باشلاش كېرەك




كىچىك كارل نەرسىلەرنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان بولغاندا، كارل ۋىتېر ئۇنىڭ تىلىنى بالدۇرراق چىقىرىش ئۈستىدە قاتتىق ئويلاندى. دەسلەپتە ئۇ ھەر خىل نەرسىلەرنى ئېلىپ كىچىك كارلغا كۆرسىتىپ، ئۇ نەرسىنىڭ ئىسمىنى توختىماستىن تەكرارلايتتى. بىر مەزگىلدىن كېيىن كىچىك كارل دادىسىنىڭ ئاۋازىدىن نەرسىلەرنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان، ھەتتا ئىسمىنى دېيەلەيدىغان بولدى. كارل ۋىتېر ئوغلىنىڭ كەيپىياتى ياخشى ۋاقىتتا ئۇنىڭغا گەپ قىلىپ بەردى ياكى ناخشا ئوقۇپ بەردى. كارل ئويۇنغا ئامراق ئىدى، ئۇنىڭ دىققىتى نېمىگە يۆتكەلسە كارل ۋىتېر زېرىكمەستىن ئۇ نەرسىنىڭ ئىسمىنى دەپ بېرەتتى. ئۇنىڭ بالىسىنى ئىش ئۇقمايدىغان بوۋاق دەپ قاراپ قالىدىغان چاغلىرى يوق دېيەرلىك بولۇپ، ھەرقانچە ئالدىراش بولسىمۇ، كارلغا ئۆزىنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى دەپ بېرەتتى.




بالىلارنىڭ تىلى چىقىشتىن بۇرۇن، ئاڭلاش قابىلىيىتى ناھايىتى ياخشى بولىدۇ. كارل ۋىتېرنىڭ كىچىك كارلغا دائىم گەپ قىلىپ بېرىشتىكى مەقسىتى كىچىك كارلنىڭ تىل ئىقتىدارىنى غىدىقلاپ، ئۇنىڭ تىلىنى بالدۇرراق چىقىرىش ئىدى.

www.uyghurkitap.com





# ئويۇنلار

## مۇڭدىشىش

ماس كېلىدىغان يېشى: **0 ~ 3** ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

بوۋاق ئويغاق ھەم كەيپىياتى ياخشى ۋاقىتتا بوۋاقنىڭ يېنىغا كېلىپ، بالىغا ئۆلچەملىك، نورمال تەلەپپۇزدا گەپ قىلىپ بېرىمىز. پاراڭنىڭ تېمىسىنى خالىغانچە بەلگىلىسەك بولىدۇ. نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىمىز، نېمە قىلماقچى بولغانلىقىمىز دېگەندەكلەر. يېنىدىن ئايرىلغاندا نېمە ئۈچۈن ئايرىلىدىغانلىقىمىزنى، نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىمىزنى دەپ قويىمىز.

دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

بالىغا يۇقىرى ئاۋازدا گەپ قىلىشقا بولمايدۇ.

بالىغا گەپ قىلغاندا ھەرگىزمۇ كىچىك بالىدەك گەپ قىلماستىن، ئۆلچەملىك تەلەپپۇزدا گەپ قىلىش كېرەك.



# سالاملىشىش

ماس كېلىدىغان يېشى: 0 ~ 3 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

سىرتقا چىققاندا قوشنىلار ياكى باشقا تونۇشلار ئۇچراپ قالغاندا، بوۋاقنىمۇ باشقىلار بىلەن سالاملاشتۇرۇشنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك. بالىنىڭ قولىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» ياكى «خەير ـ خوش»، «ئامان بولۇڭ» دېيىشنى ئۆگىتىش كېرەك.



بالىلار بىر ـ ئىككى قېتىمدىلا ئۆگىنىپ بولۇشى ناتايىن ياكى ئۇنتۇپ قېلىشى مۇمكىن، بۇنداق چاغدا بالىنىڭ قولىقىغا پىچىرلاپ دەپ بەرسىڭىز شۇنداق قىلىدۇ. ئەگەر قىلالمىسىمۇ ھېچقىسى يوق، سەۋرچانلىق بىلەن ئۆگەتسىڭىزلا بالىڭىز چوقۇم بىلىۋالالايدۇ.

دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

بالا ئۇنتۇپ قالسا، بالىنى تىللاشقا ياكى بالىنى كەمسىتىدىغان، ئەيىبلەيدىغان گەپلەرنى قىلىشقا بولمايدۇ. ھەر ۋاقىت بالىنى ماختاپ ئىلھاملاندۇرۇپ تۇرۇش كېرەك.



ئاتا ـ ئانا نېمىنى ئۆگەتسە بالا شۇنى ئۆگىنىدۇ. بەزى ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىغا سۈت، ئۇسسۇلۇق، تاماق دەپ ئۆگەتمەي، «مەممە» (سۈت)، «ھۇممە» (ئۇسسۇلۇق)، «ھام ھام» (تاماق). . . دەپ ئۆگىتىدۇ. بالىلار بۇنداق خاتا ئۆگىنىۋالسا توغرىسىنى ئۆگىنىش تەسكە توختايدۇ، بۇ بالىلارنىڭ تىلىنىڭ چىقىشىغا پايدىسىز. شۇڭا بالىلارغا دەسلەپتىلا توغرىسىنى، ئەسلىدىكى بويىچە ئۆگىتىش، ھەرگىزمۇ ئاسان دېيەلەيدۇ دەپ، خاتا ياكى بوۋاقلار تىلى بويىچە ئۆگەتمەسلىك كېرەك. بولمىسا بالىنىڭ تىل ئىقتىدارى توسالغۇغا ئۇچرايدۇ.

www.uyghurkitap.com

# باللارغا نەرسىلەرنى بالدۇر تونۇتۇش كېرەك




ھەر قېتىم كىچىك كارل چوڭلار بىلەن تاماققا ئولتۇرغاندا، كارل ۋىتىر ئۇنىڭغا ئۈستەلدىكى قاچا - قۇچىلارنى ۋە يېمەكلىكلەرنىڭ ئىسمىنى ئۆگىتەتتى. كىچىك كارلنى كۆتۈرۈپ ياتاق ئۆيگە كىرگەندە ياتاق ئۆيدىكى نەرسىلەرنىڭ ئىسمىنى ئۆگىتەتتى. ئىشقىلىپ كارل ۋىتىر كىچىك كارلغا نېمىنى كۆرسە شۇنى ئۆگىتەتتى، بەزىدە ئىسىملارغا سۈپەت ۋە پېئىللارنى قوشاتتى.

كارل ۋىتىر كەچلىك تاماقتىن كېيىن كىچىك كارل بىلەن سەيلە قىلىشقا ئادەتلەنگەن ئىدى. يولدا نېمىنى كۆرسە كىچىك كارلغا شۇ نەرسىنىڭ ئىسمىنى دەپ ئۆگىتەتتى. دەرەخنى كۆرسە: «قارا، ئاۋۇ دەرەخنى!» دەيتتى. ئۇ نەرسىلەرنى كۆرسەتكەچ چۈشەندۈرۈپ ماڭاتتى. كارل ۋىتىرنىڭ يېتەكچىلىكىدە كىچىك كارل ئۇ نەرسىلەرنى تونۇۋالاتتى ھەم ئىسمىنى بىلىۋالاتتى. شۇنىڭ بىلەن كىچىك كارلنىڭ تىل ئىقتىدارىمۇ بارغانسېرى ئاشاتتى.




بالا ئەتراپىدىكى ھەممە نەرسىگە قىزىقىدۇ. ئۇ تونۇيدىغان نەرسە قانچە كۆپ بولغانچە پەرق ئېتىش ئىقتىدارىمۇ شۇنچە كۈچىيىدۇ ھەم ئۇخشىمىغان تىللارغا بولغان سەزگۈسىمۇ ئاشىدۇ. ئەگەر ئاتا - ئانىلار بۇ نۇقتىغا سەل قارىسا بالىنىڭ تىلى ئېنىقلا كېچىكىپ چىقىدۇ. شۇڭا بالىغا ئۆز ئەتراپىدىكى نەرسىلەرنى توختىماستىن دەپ بېرىش، تونۇشتۇرۇش كېرەك. بالا ھەر قېتىم مەلۇم نەرسىگە قارىغاندا ئاتا - ئانىلار بالىغا شۇ نەرسىنىڭ ئىسمىنى قايتا - قايتا دەپ بېرىش كېرەك. بالا پۈتۈن زېھنى بىلەن مەلۇم نەرسىگە قاراپ قالغاندا ھاياجانلىنىپ «ئوھ، ئوھ. . . » دەپ ئاۋاز چىقىرىدۇ. بۇ ۋاقىت ئەمەلىيەتتە بالىنىڭ ئەڭ ياخشى ئۆگىنىش ۋاقتى. ئاتا - ئانىلار بالىغا قانچىكى جىق نەرسىنى كۆرسەتسە، قانچىكى جىق نەرسىنى دەپ بەرسە، بالا شۇنچە كۆپ غىدىقلىنىپ، تىلى تېز چىقىدۇ.






# مېۋىنىڭ تەمى

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 4 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

مېۋىلەرنى تىزىپ قويۇپ بالىغا «مېۋە»لەرنىڭ ئىسمىنى دەپ ئۆگىتىش كېرەك. مەسىلەن: ئالمىنى ئېلىپ، « ئالما، ئالما. . . » دەپ قايتا ـ قايتا ئۆگىتىش، ئاندىن ئالمىنى يېگۈزۈپ «تاتلىقمىكەن؟» دەپ سوراش، بالا قايتا يەيمەن دېسە «ئالما تاتلىقكەن، ھە» دەپ بالىغا يېگۈزۈش كېرەك. بۇنداق بولغاندا بالا ئالما بىلەن تەمنى ئېسىدە تۇتۇۋالالايدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بازار ئايلىنىش

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 4 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

بالىنى تاللا بازىرىغا ئەكىرىپ ئايلاندۇرىمىز، تاللا بازىرىدا بالا نېمىنى كۆرسە شۇنىڭ ئىسمىنى دەپ بېرىمىز. قايتا ـ قايتا ئاڭلاپ، قايتا ـ قايتا دەپ بەرگەندە بالىلار ئاسان ئەستە تۇتۇۋالالايدۇ.






بىر قېتىملا كۆرۈپ قالغان نەرسە ياكى بىر قېتىملا ئاڭلىغان نەرسە بالىنىڭ ئېسىدە قالمايدۇ. تونۇيدىغان نەرسە قانچە ئاز بولسا، بالا بىلىدىغان سۆزمۇ ئاز بولىدۇ. ئەكسىچە تونۇيدىغان نەرسە قانچە كۆپ بولغانچە، بالا بىلىدىغان سۆز شۇنچە كۆپ بولىدۇ. بالا بىر نەرسىنى قايتا ـ قايتا كۆرگەندە ئۇنىڭدا شۇ نەرسىگە نىسبەتەن قىزىقىش ھەم سۆزلەش ئىستىكى پەيدا بولىدۇ.

# ئۆچ ياشتىن ئىلگىرىكى ۋاقىت بالىنىڭ تىلى چىقىشتىكى ئالتۇن مەزگىلى




كارل ۋىتىر كىچىك كارل تۇغۇلۇپ ئىككى ھەپتىدىن كېيىنلا ئۇنىڭغا سۆز ئۆگىتىشنى باشلىغان ئىدى. كىچىك كارل نەرسىلەرنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان بولغاندا، كىچىك كارل نەگە قارىسا كارل ۋىتىر شۇ نەرسىنىڭ ئىسمىنى دەپ بېرەتتى. كارل ۋىتىر مۇنداق دەيدۇ: «بالامنىڭ ھازىرقى نەتىجىسىنى ئۇ تۇغۇلۇپلا ئىككى ھەپتىدىن كېيىن باشلىغان تىل تەربىيەسىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. بالام تۇغۇلغاندىن باشلاپلا كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ماڭغان». ئەمەلىيەت كارل ۋىتىرنىڭ قىلغىنىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى. كىچىك كارل سەككىز ياش ۋاقتىدىلا خىمىيە، فىزىكا، بوتانىكا، زوئولوگىيە قاتارلىق پەنلەرنى بىلىپ بولغان ئىدى. بولۇپمۇ ماتېماتىكىغا بەك ئۇستا ئىدى. ئۇ يەنە نەچچە خىل تىلنى بىمالال ئىشلىتەلەيتتى. كارل ۋىتىر: «ئەگەر مۇستەھكەم ئاساس بولمىغان بولسا، مۆجىزە يۈز بەرمىگەن بولاتتى» دەيدۇ.




بالىنىڭ تىلى قانچە بالدۇر چىقسا شۇنچە ياخشى، تىل ئۆگىنىش بىلىم ئىگىلەش ئۈچۈنلا ئەمەس، ئۇ يەنە تەپەككۇر قورالى. كارل ۋىتىر كىچىك كارل ئېيىغا توشمىغاندىلا سۆز ئۆگەتكەن. بۇ قارىماققا بالىغا زۇلۇم قىلغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ دادىنىڭ بالىغا قىلغان سوۋغىسى ئىدى. بالىنىڭ تىل ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ ئەڭ ياخشى مەزگىلى ئۈچ ياشتىن بۇرۇنقى مەزگىل. بۇ قاراش كارل ۋىتىرنىڭ قارىشىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى. كىچىك كارل ئالتە ياش ۋاقتىدىلا باشقا بالىلاردىن پەرقلىق تىل ئىقتىدارى، ئەقلىي ئىقتىدارى ۋە ماسلىشىش ئىقتىدارىنى ھازىرلاپ بولغان ئىدى. شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار بالا بىلەن پاراڭلىشىشنى بالدۇرراق ئادەت قىلىشى كېرەك. بالا تۇغۇلۇپ 6 ~ 7 ھەپتىدىن كېيىنلا ئاۋازلارغا نىسبەتەن ئىنكاس قايتۇرالايدۇ. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ دائىم يېنىدا تۇرۇپ ئۆزىگە گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە، ئۇنىڭدا ئېغىزنى مىدىرلىتىدىغان ئىنكاس كۆرۈلىدۇ. بالىسىغا كۆپ گەپ قىلىپ بەرمەيدىغان ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرىدا بۇنداق ئىنكاس بولمايدۇ. بالىنىڭ تىل ئىقتىدارى يۇقىرى كۆتۈرۈلمىسە، ئاۋازنى پەرق قىلىش ئىقتىدارى يۇقىرى كۆتۈرۈلمەيدۇ، تەپەككۇر ۋە خاتىرە ئىقتىدارىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بالىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىمۇ بىر ئىزدا توختاپ قالىدۇ. بۇ بالىنىڭ كېيىنكى ئىقتىدارىغىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۈچ ياشتىن بۇرۇنقى ۋاقىت تىل ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ ئەڭ ياخشى مەزگىلى بولۇپ، مەيلى تىل ئىقتىدارىغا ياكى ئەقلىي ئىقتىدارىغا بولسۇن روشەن تەسىر كۆرسىتىدۇ.






# قوشاق ئېيتىش

**ماس كېلىدىغان يېشى:** 0 ~ 6 ياشقىچە

**كېرەكلىك نەرسىلەر:** بالىلار قوشاقلىرى (سادىر پالۋان قوشاقلىرى)

**ئويناش ئۇسۇلى**

ئالدى بىلەن بالىغا قوشاقنى ئۆگىتىپ، ئاندىن بالا بىلەن بىرلىكتە ئېيتىشىپ ئوينايمىز.



# مىڭ سوراق



ماس كېلىدىغان يېشى: 1.5 ~ 3 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

بالىدىن نېمىنى كۆرسە شۇنى سوراش. مەسىلەن: كوچىۋكنى كۆرگەندە «ئۇ نېمە» دەپ سوراش، بالا «كۈچۈك» دەپ جاۋاب بەرسە، ئۇنى «ياقتۇرامسەن؟» دەپ سوراش، «ياقتۇرىمەن» دەپ جاۋاب بەرسە، «ئۇنىڭ نەرىنى ياخشى كۆرىسەن؟» دەپ سوراش، ئىشقىلىپ داۋاملىق سوراۋەرسەك بولىدۇ.

بالىدىن كۆپ نەرسىلەرنى سوراپ بېرىش ئارقىلىق، بالىنىڭ تىل ئىقتىدارى ۋە كۆزىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

بالا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر، مەسىلەن: تىل ئىقتىدارى، نەرسىلەرنى تونۇش ئىقتىدارى، قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى قاتارلىقلارنىڭ بىر قىسمى بالىنىڭ تۇغما ئىقتىدارى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، يەنە بىر قىسمى بالىدۇر بېرىلگەن تەربىيە بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئىپادىلەش ئىقتىدارى يۇقىرى ۋە راۋان سۆزلىيەلەيدىغان بالا چوقۇم ئۇچ ياشتىن بۇرۇن تىل مەشقى قوبۇل قىلغان بولىدۇ. ئىپادىلەش ئىقتىدارى تۆۋەن، تەپەككۇرى ئاستا بالىلار ئۇچ ياشتىن ئىلگىرىكى مەزگىلدە يەپ ـ ئىچكەن ۋە ئوينىغان، كىشىلەر بىلەن كۆپ ئالاقە قىلمىغان خالاس. بۇ ھادىسىنى مۇنداق سېلىشتۇرغىلى بولىدۇ. بىر بالا ئەمدى ئولتۇرالايدىغان بولغاندا ئوخشاش ياشتىكى يەنە بىر بالا ئۆمىلەيدىغان بولۇپ كەتكەن بولىدۇ. ئۇ بالا ئۆمىلەشنى ئۆگەنگەندە، يەنە بىر بالىنىڭ ئايىغى چىقىپ كەتكەن بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 1 ـ بۆلەك

## تىل تەربىيەسى

### 2. بالىغا ئۆلچەملىك تەلەپپۇزدا سۆزلەڭ

شېۋە مۇھىتىدا چوڭ بولغان بالا ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشتا بەلگىلىك تەسىرگە ئۇچرايدۇ. شېۋىنىڭ مەدەنىيەت ئۆگىنىشكە نىسبەتەن چەكلەش تەسىرى بولىدۇ. ئۇ بالىنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارى، چۈشىنىش ئىقتىدارىغا بەلگىلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار بالىغا سۆز قىلغاندا چوقۇم ئۆلچەملىك تەلەپپۇزدا سۆز قىلىپ، بالىنى شېۋىدىن ئامال بار يىراقلاشتۇرۇش كېرەك. ئۆلچەملىك تەلەپپۇز ۋە تىل بالىنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، ئۇنىڭ نۇتۇقىنى ياخشىلايدۇ.





# ئاتا ـ ئانىلارنىڭ تەلەپپۇزى ئۆلچەملىك بولۇشى كېرەك




كارل ۋېتىر كىچىك كارلغا ئۆلچەملىك گېرمان تىلىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن خوتۇنى بىلەن ئىككىسى مەيلى كارل ۋېتىرغا گەپ قىلغاندا ياكى ئۆز ئارا پاراڭلاشقاندا بولسۇن، ئۆلچەملىك گېرمان تىلىدا سۆزلەيتتى. كىچىك كارل بىر سۆزنى توغرا تەلەپپۇز قىلسا كارل ۋېتىر ئۇنى ماختايتتى، ئەگەر خاتا تەلەپپۇز قىلىپ قالسا، ئۇنىڭغا قايتا ـ قايتا ئۆگىتەتتى ھەم كىچىك كارلنىڭ ئالدىدىلا خوتۇنىغا: «قاراڭ، بالىمىز توغرا سۆزلىيەلمەيۋاتىدۇ» دەيتتى، خوتۇنى: «بالام بەك ئەقىللىق، ئۇ چوقۇم توغرا سۆزلىيەلەيدۇ» دەيتتى. ئۇ چاغلاردا كىچىك كارل قايسىسىنىڭ ياخشى گەپ، قايسىسىنىڭ يامان گەپلىكىنى پەرقلەندۈرەلەيتتى. گەرچە ئۇ كىچىك بولسىمۇ، لېكىن دادىسىنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭدا غۇرۇر تۇيغۇسىنى قوزغاپ، دادىسىغا ئەگىشىپ توغرا تەلەپپۇز قىلىشنى مەشىق قىلاتتى.

كارل ۋېتىر كىچىك كارل ئويغاق ھەم كەيپىياتى ياخشى ۋاقىتتا، ئاندىن ئۇنىڭغا تەلەپپۇز مەشىقى قىلغۇزاتتى. چۈنكى بالىنىڭ كەيپىياتى ئەڭ ياخشى ۋاقىتتا، ئۈنۈمى ئەڭ ياخشى بولىدۇ.




كارل ۋېتىر بالىسىغا ئۆلچەملىك سۆزلەشنى سىجىل ئۆگەتكەچكە، كىچىك كارل بالدۇرلا ئۆلچەملىك تىلنى ئۆگىنىۋالدى. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا كىچىك كارلنى بەختلىك دېيىشكە بولىدۇ. ئەگەر ئۇ كىچىكىدىنلا ھەر خىل شېۋىلەرنى ئۆگىنىۋالغان بولسا، ئۇنىڭ ئۆلچەملىك تىلنى ئۆگىنىشى تەسكە توختايتتى. ئاتا ـ ئانىلار بالىلار بىلەن بولغان ئالاقە جەريانىدا تەلەپپۇزىنىڭ ئۆلچەملىك بولغان ـ بولمىغانلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۆلچەملىك تەلەپپۇزدا سۆزلىشىشى ۋە ھېكايە ئېيتىپ بېرىشى كېرەك. ئەگەر كىچىكىدە «ئالما» دېگەننى «ئامما» دەپ ئۆگەتسەڭ، بالا كېيىن باشقىلارنىڭ كۈلكىسىگە قالىدۇ. بالىلار ئادەتتە بەزى ھەرپلەرنى ئاسان ئالماشتۇرۇۋېتىدۇ. مەسىلەن: «ر» نى «ي» دەيدۇ ياكى توغرا سۆزلەشتە قىينىلىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار بالىغا شەيئىلەرنى تونۇتقاندا ياكى سۆزلەشكەندە، مۇشۇنداق ھەرپلىرى ئاسان ئالمىشىپ كېتىدىغان سۆزلەرنى كۆپرەك ئۆگىتىشى كېرەك. بىزدە «بولۇشلۇق مايسا كۆكىدىن مەلۇم» دېگەن گەپ بار، بالىنىڭ كىچىكىدە يېتىلدۈرگەن ئادىتى ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com






# يېڭىلىتما

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: يېڭىلىتما تېكىستلىرى

ئويناش ئۇسۇلى

ئاۋۋال ئاددىي يېڭىلىتمىدىن بىر نەچچىنى تاللاپ، ياخشى مەشىق قىلىپ، ئۆلچەملىك تەلەپپۇز قىلىشنى ئۆگىنىۋالىمىز.

بىر يېڭىلىتمىنى ئاز بولغاندىمۇ ئۈچ قېتىم ئوقۇتىمىز.



يېڭىلىتمىدا خاتا تەلەپپۇز قىلىدىغان سۆزلەر كۆپ بولغاچقا، بالىلارنىڭ پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە چوڭ ياردىمى بولىدۇ. شۇنداقلا بالىلارنى ئاسان جەلپ قىلىدۇ.

دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

بالىغا يېڭىلىتمىنى بىر سۆز، بىر سۆزدىن ئۆگىتىپ، توغرا، ئېنىق تەلەپپۇز قىلغۇزىمىز، لېكىن بەك تېز بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك.

يېڭىلىتما تېكىستلىرى:

ئىشىك تۈۋىدە بىر كۈپ تۇرۇپتۇ، كۈپ تۈپىنى تۇتۇپ تۇرۇپتۇمۇ، ياكى تۈپ كۈپنى تۇتۇپ تۇرۇپتۇمۇ

مەن قوشناچىمغا ئۇن تاسقاشماقچىدىم، تاسقاشما دېسىمۇ تاسقاشماقچىدىم

# تېلېفون ئويناش

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: ئويۇنچۇق تېلېفون

ئويناش ئۇسۇلى

بالا بىر تەرەپتە، ئانا يەنە بىر تەرەپتە ئولتۇرىدۇ. ئانا ئاۋۋال يالغاندىن تېلېفون نومۇرىنى بېسىپ، ئاندىن قۇلىقىغا تۇتىدۇ.



ئانا «جىرىڭ، جىرىڭ» دەپ تېلېفوننى دورايدۇ. ئاندىن بالا تېلېفوننى ئېلىپ، ئانا بىلەن سۆزلىشىدۇ.

ئىككىسى ھەر خىل روللارنى ئېلىپ سۆزلەشسە بولىدۇ. مەسىلەن: «قورسىقىڭ ئاچتىمۇ؟»، «مېنى كۆرگىلى كەلدىڭمۇ؟»، «نەگە بېرىپ ئوينايمىز» دېگەندەك.

دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

تېلېفوندا قىلغان سۆز بەك تېز ھەم ئۇزۇن بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك. بولمىسا بالىنى زېرىكتۈرۈپ قويىدۇ.

ئويۇن ئوينىغاندا، قىزغىن بولۇپ، بالىنىڭ قىزغىنلىقىنى قوزغاش كېرەك.



ئاتا ـ ئانىلار بالىنىڭ خاراكتېرىگە دىققەت قىلىشى كېرەك. جىمغۇر، ئىچ مىجەز بالىلار بىلەن كۆپرەك پاراڭلىشىش كېرەك. بالا بىلەن پاراڭلىشىش ئارقىلىق بالىنىڭ پسىخىك ئېھتىياجىنى بىلگىلى بولىدۇ. تېخىمۇ مۇھىمى بالىنىڭ سۆزلەش ئارزۇسىنى تېزراق ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. بالا خاتا تەلەپپۇز قىلغان سۆزلەرنى تۈزەتكەندە، ئاتا ـ ئانىلار چوقۇم قاتتىق سەۋرچان بولۇشى كېرەك. تەنقىدلەش، ئەيىبلەش بالىدا ناچار پسىخىكا پەيدا قىلىپ، بالا سۆزلەشتىن قورقىدىغان بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا كۆپرەك رىغبەتلەندۈرۈش، ماختاش كېرەك.

www.uyghurkitap.com

# ئاتا ـ ئانىلار سۆزلەرنى توغرا ئىشلىتىش كېرەك




كارل ۋېتىر بالىسىغا سۆزلەشنى ئۆگەتكەندە، نېمە ئېسىگە كەلسە شۇنى ئۆگەتمەيتتى، تەرتىپلىك ئۆگىتەتتى. ئۇ كىچىك كارلغا ئاددىي سۆزلەرنى ئۆگىتىش بىلەن بىللە مۇرەككەپ سۆزلەرنىمۇ ئۆگىتەتتى. بالىلار خاتا سۆزلەر بىلەن باشقا بىر مەنىنى ئىپادىلىگەندە، چوڭلار بۇنىڭغا دىققەت قىلمايدۇ، لېكىن كارل ۋېتىر سۆزنىڭ ئۆلچەملىك بولۇشىنىڭ مۇھىملىقىنى بۇرۇنلا تونۇپ يەتكەن ئىدى. ئۇ كىچىك كارلنى مەشغۇلاتقا ئۆگەتكەندە، خوتۇنى ئۇنىڭغا ياخشى ماسلىشىپ بېرەتتى. ھەمىشە ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان سۆزلەرنى تاللاپ ئىشلىتىشكە تىرىشاتتى. ھېچقانداق مەنىسى يوق سۆزلەرنى پەقەت دېمەيتتى. كىچىك كارلغا سۆزلىگەندە مەنىلىك، ئۆلچەملىك سۆزلەرنى ئىشلىتەتتى.

لېكىن كارل ۋېتىر بىرلا خىل رىتىمدىكى سۆزلەرنى ئىشلىتۋەرگەندە، كىچىك كارلدا قىزىقىشنىڭ سۇسلاپ كېتىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ بەزىدە ماقال ـ تەمسىللەرنىمۇ ئىشلىتەتتى. مۇۋاپىق جايدا ماقال ـ تەمسىللەرنى ئىشلەتكەندە تېخىمۇ مۇكەممەل، تېخىمۇ جانلىق، تېخىمۇ قايىل قىلارلىق بولىدۇ. شۇڭا كارل ۋېتىر بالىسىغا ماقال ـ تەمسىللەرنىمۇ ئۆگىتەتتى.




كارل ۋېتىرنىڭ قارىشىچە، ئېنىق مەنىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلا كاللىدا ئېنىق ئۇقۇم پەيدا قىلالايدۇ. ئېنىق مەنىلىك سۆزلەر بالىلارنىڭ لوگىكىلىق تەپەككۇرىنى كۈچەيتىدۇ. ئۇلار بۇ ئارقىلىق ئويلىغىنىنى توغرا ئىپادىلەپلا قالماي، ياخشى چۈشىنىش ھالىتىنى ساقلىيالايدۇ. ئەكسىچە بالىلار قايسى سۆز ئارقىلىق ئويلىغىنىنى ئىپادىلەشنى بىلەلمىسە ياكى خاتا سۆزلەر بىلەن دېمەكچى بولغىنىنى ئىپادىلىسە، باشقىلاردا خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلىپلا قالماي، بالىنىڭ كەيپىياتىمۇ تۇراقسىزلىشىدۇ. شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار سۆزنى توغرا ئىشلىتىش بىلەن بىرگە، بالىنىڭ مۇۋاپىق ئىشلەتمىگەن سۆزلىرىنى توغرىلاش كېرەك. مەسىلەن: بالا «چىرايلىق» دېگەن سۆيەتنىلا بىلىپ، ئالمىنى «چىرايلىق» دەپلا سۈپەتلىسە، بالىغا ئالمىنىڭ توغرا سۈپەتلىرىنى، يەنى «تاتلىق ئالما»، «قىزىل ئالما». . . دېگەندەكلەرنىمۇ ئۆگىتىش كېرەك.




# ھېكايە توقۇش

ماس كېلىدىغان يېشى: 1 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: رەسىملىك ھېكايە كىتاب

ئويناش ئۇسۇلى

بالا بىلەن بىللە رەسىملىك كىتابنى كۆرىمىز، ھەم رەسىملەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، رەسىمگە ماس كېلىدىغان ئۆلچەملىك، ئېنىق سۆزلەر بىلەن مەزمۇننى بالىغا چۈشەندۈرىمىز. بالىغا سۆزلىگەچ، «قارا، ئەمدىچۇ، ئۇلار نېمە ئىش قىلار؟» دېگەندەك سوئاللارنى سوراپ، بالىنىمۇ سۆزلەتكۈزىمىز. بالا دۇدۇقلاپ سۆزلىسىمۇ، ئۇنى ماختاپ، ئارقىدىن تولۇقلاپ دەپ بېرىمىز.

دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى، تاللىغان مەزمۇن بەك ئۇزۇن بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك، 2~ 3 بەت ئەڭ مۇۋاپىق. ھېكايىنى سۆزلەپ بولغاندا، بالىغا قايتا سۆزلەتكۈزۈش، بالىنىڭ سۆزلەرنى توغرا ئىشلىتىشىگە يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك.



www.uyghurkitap.com

# سۆز ئالماش

ماس كېلىدىغان يېشى: 1 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: رەسىملىك ھېكايە كىتاب

ئويناش ئۇسۇلى



بالا بىلەن بىللە رەسىملىك كىتابنى كۆرىمىز، ھەم رەسىملەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، رەسىمگە ماس كېلىدىغان ئۆلچەملىك، ئېنىق سۆزلەر بىلەن مەزمۇننى بالىغا چۈشەندۈرىمىز. بالىغا سۆزلىگەچ، «قارا، ئەمدىچۇ، ئۇلار نېمە ئىش قىلار؟» دېگەندەك سوئاللارنى سوراپ، بالىنىمۇ سۆزلەتكۈزىمىز. بالا دۇدۇقلاپ سۆزلىسىمۇ، ئۇنى ماختاپ، ئارقىدىن تولۇقلاپ دەپ بېرىمىز.

دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى، تاللىغان مەزمۇن بەك ئۇزۇن بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك، 2~ 3 بەت ئەڭ مۇۋاپىق. ھېكايىنى سۆزلەپ بولغاندا، بالىغا قايتا سۆزلەتكۈزۈش، بالىنىڭ سۆزلەرنى توغرا ئىشلىتىشىگە يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك.



ئالتە ياشتىن تۆۋەن بالىلار مىقدار سۆز ۋە پېئىللارنى چۈشىنەلمەيدۇ، خالىغان سۆزنى ئىشلىتىۋېرىدۇ. بالىلارنىڭ سۆز بايلىقىنىڭ يېتەرسىزلىكى بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى. ئاتا ـ ئانىلار بۇنىڭغا ياردەم قىلىشى، بالىلارنى تېخىمۇ كۆپ سۆز بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىپادىلەش ۋە تىل ئىشلىتىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش كېرەك.



# شىۋىلەردىن ساقلىنىش كېرەك




كارل ۋېتىرنىڭ ئائىلىسىدە ئۇنىڭغا سادىقلىق بىلەن ئون نەچچە يىل خىزمەت قىلغان ياشانغان بىر خىزمەتكار بار ئىدى. كارل ۋېتىرمۇ ئۇنى بەك ھۆرمەتلەيتتى. بۇ خىزمەتكارنىڭ يېشى چوڭ بولۇپ، شىۋىسى بەك ئېغىر ئىدى. كىچىك كارل تۇغۇلغاندىن كېيىن، كارل ۋېتىر بالىسىنىڭ تىل مەسىلىسىنى ئويلىشىپ، ئۇنىڭدىن ئۆلچەملىك گېرمان تىلىنى سۆزلەشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ئۇ قىلالمىدى. شۇڭا كىچىك كارل دەل تىل ئۆگىنىدىغان ھالقىلىق مەزگىلگە كەلگەندە، كارل ۋېتىر ئامالسىز ئۇنى ئۆيىگە قايتۇرۇۋېتىپ، بالىسىغا خوتۇنى بىلەن ئۆزى قارىدى.




ئالتە ياشتىن بۇرۇنقى ۋاقىت بالىنىڭ تىل ئۆگىنىش ۋە تىل چىقىرىشتىكى ئاچقۇچلۇق مەزگىل. ئۆلچەملىك تىل ياخشى قورالغا ئوخشايدۇ. ياخشى قورال ھەممىشە غەلىبە قىلىش ياكى مەغلۇپ بولۇشنىڭ مۇھىم ئامىلى. ئۆلچەملىك تىل ئالاقە قورالى بولۇپلا قالماستىن، مەدەنىيلىكنىڭ ئاساسى. بالىلاردا ناھايىتى كۈچلۈك دوراش ئىقتىدارى بولۇپ، ھەر خىل شىۋىدە سۆزلەيدىغان ئادەم بىلەن ئۇچراشسا، دەرھاللا شۇ كىشىنى دوراشنى بىر خىل خۇشاللىق قىلىۋالىدۇ ـ دە، ئاستا ـ ئاستا شۇ شىۋىدە سۆزلەيدىغان بولۇپ قالىدۇ، بۇنى تۈزەتمەك تەس. ئۆلچەملىك تىل بالىلارنىڭ ئوقۇش، خەت تونۇشىغا، كىتابىي تىللارنى چۈشىنىشىگە، شۇنداقلا باشقا تىللارنى ئۆگىنىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ شىۋە بىلەن ئۇچرىشىشىدىن ساقلىنىش، بالىلار بىلەن ئالاقە قىلغاندا، ئۆلچەملىك تىل ئىشلىتىشى ۋە توغرا تەلەپپۇز قىلىشى كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com






# ناخشا ئېيتىش

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

بالىغا بىر بالىلار ناخشىسىنى تەكرار ئېيتىپ بېرىمىز. مەسىلەن:

قو قو قوق، قو قو قوق،
خوراز چىللايدۇ.
ئېيتىڭلارچۇ بالىلار،
خوراز نېمە دەيدۇ؟

بالا بۇنى ئېسىدە تۇتۇۋالغاندىن كېيىن، خورازنى باشقا ھايۋانلارغا، قۇشلارغا ئۆزگەرتىپ باقىمىز. مەسىلەن :

مۆ، مۆ، مۆ، مۆ، مۆ، مۆ
كالا مۆرەيدۇ.
ئېيتىڭلارچۇ بالىلار،
كالا نېمە دەيدۇ.

ئاندىن بالىلارغا يەنە دېگۈزىمىز ۋە ئۇلارنى ئۆزى باشقا نەرسىلەرنى دەپ بېقىشقا ئىلھاملاندۇرىمىز. بالىلار بەزىلىرىنى بىلەلمىسە، يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك. مەسىلەن: قوي، ئېشەك. . . دېگەندەك.



# شېۋە پەرقلەندۇرۇش

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

ئاتا ـ ئانىنىڭ بىرى شېۋىدە، بىرى ئۆلچەملىك تىلدا سۆزلەيدۇ. مەسىلەن :

دادا: رەسىمدىكى بالا نەگە قاياۋاتىدۇ؟ (قەشقەر شېۋىسى، توغرىسى ـ قاراۋاتىدۇ)

بالا: (ئانا بالىغا ياردەملىشىپ توغرا تەلەپپۇز قىلىشنى ئۆگىتىدۇ) ئاسمانغا قاراۋاتىدۇ.

دادا: يامداق (قومۇل شېۋىسى، توغرىسى ـ سۇپۇرگە) نەدە؟

بالا: (ئانا بالىغا ياردەملىشىپ توغرا تەلەپپۇز قىلىشنى ئۆگىتىدۇ) سۇپۇرگە ئىشىكنىڭ كەينىدە.

يۇقىرىقىدەك ئۇسۇللار ئارقىلىق بالىلارغا شېۋە سۆزلىرى بىلەن ئۆلچەملىك سۆزنى پەرقلەندۇرۇشنى ئۆگىتىش كېرەك. بۇنداق قىلغاندا بالىنىڭ تىلى ۋە تەلەپپۇزى توغرىلىنىدۇ، ھەم تىل بايلىقىمۇ ئاشىدۇ.



ئاتا ـ ئانىلار بالىلارغا ئۆلچەملىك تىلدا سۆزلىشى كېرەك. ئەمما ياشانغانلارنىڭ تىلى ئۆلچەملىك بولمىغاچقا، شېۋىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. بۇنداق چاغلاردا چوڭلارنى چەكلەشنىڭ ھاجىتى يوق، پەقەت ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىغا كۆپرەك ھەمراھ بولۇپ ئۇنىڭ تەلەپپۇزىنى توغرىلىسا ۋە يۇقىرىقىدەك ئويۇن ئويناش ئۇسۇلىنى قوللانسىلا، ئۇ شېۋىلەر بالىلارغا كۆپ تەسىر قىلالمايدۇ، ئائىلىنىڭ ئومۇمىي كەيپىياتىمۇ ياخشى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# گىراممatikىدا مۇھىم ئەمەس




كارل ۋېتىر بالىسى سەككىز ياشقا كىرگۈچە ئۇنىڭغا گىراممatikا ئۆگەتمىگەن. بىر قېتىم كىچىك كارل: «ئويۇنچۇق بۇزۇپ ئەنە»، دېگەندە، كارل ۋېتىر بالىسىنىڭ يىغلامسىرىغان تۇرقىغا قاراپ، مېھرىبانلىق بىلەن: «سەل ساقلاپ تۇر. مەن ئوڭشاپ بېرەي» دېگەن ۋە ئويۇنچۇقنى ئوڭشاپ بەرگەن. ئەمما بالىسىنىڭ: «ئويۇنچۇقنى بۇزۇۋەتتىم» دېگەن جۈملىنى خاتا دېگەنلىكىگە بەك ئېرەنسىپ كەتمىگەن. كارل ۋېتىر ئەر-خوتۇن بالىسى بىلەن پاراڭلاشقاندا تىلنىڭ قائىدىسى ۋە ئۆلچەملىك بولۇشىغا ئالاھىدە دىققەت قىلاتتى. ئەزەلدىن قالايمىقان گەپلەرنى قىلمايتتى. كىچىك كارل ئاڭلىغانسېرى يۇقىرىقىدەك خاتا سۆزلەرنى دېمەيدىغان بولدى.




كارل ۋېتىرنىڭ قارىشىچە، بالىلارغا تىل ئۆگەتكەندە، گىراممatikىنى ئالاھىدە سۆزلەشنىڭ ھاجىتى يوق. بالىلار ئاڭلاش ۋە سۆزلەش نەتىجىسىدە، گەپنى قانداق قىلىشنى ئۆگىنىپ كېتىدۇ. بالىلار راۋان سۆزلەشنى، مۇرەككەپ سۆزلەرنى بىلەلمىگەن ئەھۋالدا، گىراممatikا ئۆگىتىش بالىلارنىڭ كاللىسىنى قوچۇۋېتىدۇ، ئەگەر بالا بۇنىڭدىن زېرىكىش ھېس قىلىپلا قالسا، سۆزلىگىلى ئۇنىمايدىغان بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بەك مۇرەككەپ نەرسىلەر بالىلارنى زېرىكتۈرىدۇ، خالاس. شۇڭا بالىلارغا مۇرەككەپ نەرسىلەرنى تەبىئىي يوسۇندا بىلدۈرۈش كېرەك. بۇ بالىلارنىڭ تەپەككۇرىنىڭ ئېنىق بولۇشىغا ياردەم بېرىدۇ. مۇئەييەن ئاساس بالىنىڭ باشقا تەرەپتىكى بىلىملىرىنى كېڭەيتىشىنىڭ ئاساسى. شۇڭا ئاتا- ئانىلار بالىلىرىنىڭ گىراممatikا قائىدىسى بويىچە سۆزلىمەسلىكىدىن ئەنسىرەپ كەتمىسىمۇ بولىدۇ. بالىلارغا كۆپرەك گەپ قىلىپ بېرىش، توغرا ۋە ئۆلچەملىك تىل ئارقىلىق ئۇلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش قاتارلىقلار بالىلارغا قانداق سۆزلەشنى، گىراممatikا قائىدىسىنى تەبىئىيلا ئۆگىتىۋېتىدۇ.






# سۆزلەر ئويۇنى

ماس كېلىدىغان يېشى: 1 ~ 5 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: بىر دانە ئالما، بىر ۋاراق رەڭلىك قەغەز، بىر تال سىزغۇچ، بىر توقماق، بىر پارچە كىتاب قاتارلىقلار

ئويناش ئۇسۇلى

بۇ نەرسىلەرنى تىزىمىز. بالا خالىغان بىرىنى ئالسا ياكى تۇتسا ئىسمىنى دەپ بېرىمىز. بالا قولىغا ئالمىنى ئالسا، بىز دەرھال بالىغا «ئالما»؛ كىتابنى ئالسا «كىتاب»، قەغەزنى ئالسا «قەغەز» دەيمىز. ئاندىن يەنە قولىمىزغا بىر نەرسىنى ئېلىپ، بالىدىن «بۇ نېمە؟» دەپ سورايمىز. مۇشۇنداق مەشىقلەر ئارقىلىق بالا سۆزلەرنى دەل جايىغا ئىشلىتەلەيدىغان بولىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# نېمىگە ئوخشايدۇ

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

ئاتا ـ ئانىلار بالا بىلەن ئويۇن ئوينايدۇ. ئاۋۋال بالىغا: «خالىغان نەرسىنى كۆرسىتىپ، مېنىڭدىن ئاۋۇ نېمىگە ئوخشايدۇ دەپ سوراڭ» دەپ سوراتقۇزىدۇ. ئاندىن ئۆزى جاۋاب بېرىدۇ. كېيىندىن بالىدىن «ئاۋۇ نېمىگە ئوخشايدۇ؟» دەپ سورايدۇ، بالا جاۋاب بېرەلمىسە ياردەم قىلىدۇ. ياخشى جاۋاب بەرسە ماختايدۇ. ئويۇننى شۇ تەرىقىدە داۋاملاشتۇرسا بولىدۇ.





بالىلار سۆزلەشنى ياخشى كۆرىدۇ، بەزىدە ئۆگىنىۋالغان بىر سۆزنى ياكى مەلۇم نەرسىنىڭ ئىسمىنى قايتا ـ قايتا دەۋېرىدۇ. بۇ مەزگىلدە بالىلار يېڭى ئۆگىنىۋالغان سۆزنى جۈملە ئىچىدە قالايمىقان ئىشلىتىۋېرىدۇ. بۇ بالىنىڭ ئۆزىگە قىزىق تۇيۇلىدۇ. بالا بىر يېڭى سۆزنى ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن ئۇ سۆز ئىشلىتىلىدىغان بىر قانچە خىل جۈملە شەكلىنى ئاڭلىسا، بالا ئۇ سۆزنىڭ قانداق ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى بىلىۋالالايدۇ. بالىغا ئۇ سۆزنى قانداق ئىشلىتىش توغرىسىدا تەنبىھ بەرمەسلىك كېرەك، بولمىسا يېڭى سۆزنى ئىشلىتىشتىن قورقىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

# 1 - بۆلەك

## تىل تەربىيەسى

### 3. ئاڭلاش بىلەن سۆزلەش ئوخشاشلا مۇھىم

كۈچلۈك ئاڭلاش مۇھىتىدا چوڭ بولغان بالىنىڭ سۆزلەش ئىقتىدارىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. ئاڭلاش ئىقتىدارى سۆزلەش ئىقتىدارىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئاڭلاش بىلەن سۆزلەش ئايرىم - ئايرىم نەرسە ئەمەس. ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلارغا شېئىرلارنى ھېسسىياتلىق دېكلاماتسىيە قىلىپ بېرىشى بالىدا ئۆزگىچە خاس گۈزەللىك تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ ھەم بالىلارنىڭ تىل ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ. ياخشى ئاڭلاش مۇھىتى بالىنىڭ تىل ئىقتىدارىنى غىدىقلاپ، تىل تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇ خۇددى ھەر كۈنى ھېكايە ئاڭلايدىغان بالىنىڭ تىل ۋە تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىنىڭ ئوخشاش ياشتىكى بالىلارنىڭكىدىن ئېشىپ كەتكىنىگە ئوخشاش ئىش.



# ئاڭلاش بىلەن سۆزلەش ئوخشاش مۇھىم




كىچىك كارل سۆزمەن ئىدى. باشقىلار نېمە دېسە ئۇ دىققىتى بىلەن ئاڭلايتتى. باشقىلار كارل ۋېتىردىن: «سىز بۇ بالىنى قانداق قىلىپ بۇنداق تەربىيەلىدىڭىز؟» دەپ سورىسا، كارل ۋېتىر: «بۇ خوتۇنۇمنىڭ تۆھپىسى، ئۇنىڭ ئاۋازى بەك ياخشى، بالىمىز تۇغۇلغاندىن باشلاپلا ئاپىسى ئۇنىڭغا دائىم ناخشا ئېيتىپ بېرەتتى» دەپ جاۋاب بېرەتتى. كىچىك كارل ناخشا ئاڭلاشنى ياخشى كۆرەتتى. ئاپىسى ئۇنىڭغا ناخشا ئېيتىپ بەرسە، كىچىك كارل خۇشاللىقتا قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ كېتەتتى. كېيىن كىچىك كارل ئاپىسى ناخشا ئېيتسا ئاپىسىغا ئەگىشىپ ئاۋاز چىقىرىدىغان بولدى. ئادەتتە كارل ۋېتىر بالىسى بىلەن پاراڭلاشقاندا ياكى ئۇنىڭ بىلەن ئويۇن ئوينىغاندا ئامال بار ئۇنى جىق گەپ قىلغۇزاتتى. كارل ۋېتىر بىر- ئىككى سۆزنى دېيەلەيدىغان بولغاندىن باشلاپلا، ئاپىسىنىڭ ناخشىسىنى جىمجىت ئولتۇرۇپ ئاڭلايتتى. دەرۋەقە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئاددىي ئاھاڭلارنى چىقىرالايدىغان بولغان. گەرچە ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمىسىمۇ، بۇنىڭ ئۇنىڭ تىلىنىڭ چىقىشىغا زور ياردىمى بولاتتى. كىچىك كارل ئانىسىنىڭ ناخشىلىرى ۋە دادىسىنىڭ پاراڭلىرى ئىچىدە چوڭ بولدى. بۇ كىچىك كارلنىڭ سۆزمەن بولۇشىدىكى مۇھىم سەۋەب ئىدى.




ئاڭلاش بىلەن سۆزلەش زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئەمەلىيەتتە سۆزلەش ئاڭلاشتىن كېلىدۇ. ئەگەر بىز «ئەقىللىق» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ باقمىغان بولساق، «ئەقىللىق» دېگەن سۆزنىڭ نېمە مەنە بىلدۈرىدىغانلىقىنى بىلەلمەسلىكىمىز مۇمكىن. داۋاملىق ئاڭلاش بالىلارنىڭ مېڭىسىدىكى نېرۋىلارنى غىدىقلاپ، ئاۋاز تۇسى ۋە ئىنتوناتسىيەگە بولغان چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپلا قالماي، ھەر خىل تاۋۇش ۋە تەلەپپۇزنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىنىمۇ ئاشۇرىدۇ. چۈشىنىش ئىقتىدارىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ سۆز مەنىسىنى تېخىمۇ ياخشى بىلەلەيدىغان بولىدۇ. بولۇپمۇ بالىنىڭ مۇزىكا سېزىمىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بالا قانچە بالدۇر مۇزىكا بىلەن ئۇچراشسا، ئۇنىڭدىكى ئۆگىنىش يوشۇرۇن ئىقتىدارى شۇنچە بالدۇر غىدىقلىنىدۇ. مۇزىكا بالىنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، مۇزىكا سېزىمىنى كۈچەيتىدۇ. شۇڭا بالىلارغا مۇزىكا قويۇپ بېرىش ياكى ناخشا ئېيتىپ بېرىش كېرەك. بۇ بالىنىڭ ئاڭلاش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرىدۇ، گەرچە بالا چۈشەنمىسىمۇ، ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلەلمىسىمۇ، ناخشا تېكىستى ئېنىق، لەرزان ناخشىلارنى تاللاش كېرەك.





# ناخشا ئوقۇش

ماس كېلىدىغان يېشى: **0 ~ 5 ياشقىچە**

ئويناش ئۇسۇلى

ئاۋۋال ئاددىي، رىتىمى ئاستىراق ناخشىدىن بىرنى تاپىمىز (بالىلار ناخشىلىرى ياخشى بولىدۇ). ئاندىن بالىغا ناخشا ئوقۇپ بېرىمىز. بۇ جەرياندا بالىغا ئاۋازىڭىز ئېغىزدىن چىقىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈش، چىرايىنى تەبىئىي قىلىپ بالا بىلەن ھېسسىي پىكىر ئالماشتۇرۇش كېرەك. ناخشا ئوقۇغاندا بىر مىسرا ئوقۇپ بولۇپ، يەنە بىر قېتىم ئوقۇش، بالىغا ھەربىر سۆزنى ئېنىق ئاڭلىتىش كېرەك. بالا «ھى ھى ھى ھۇ ھۇ ھۇ» دەپ ئىنكاس قايتۇرغاندا، بالىغا داۋاملىق ئوقۇپ بېرىش، بالا بىلەن تەڭ ئوقۇپ تۈگىتىش كېرەك. بۇنداق قىلغاندا سىز ئوقۇسىڭىز بالىمۇ ئەگىشىپ ئوقۇيدىغان بولىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# سەيلە قىلىش

ماس كېلىدىغان ياش: 1 ~ 3 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

بالىنى باغچىلار ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش جايلاردا سەيلە قىلغۇزىمىز. بالا بىلەن ماڭغاچ، بالىدىن ئەتراپتىكى مەنزىرە ياكى نېمىلەرنى ئويلىغىنى توغرۇلۇق پاراڭلىشىمىز. بالىدىن پات - پات سوئال سورايمىز. مەسىلەن: بۇ دەرەخ ئېگىزمىكەن، چىرايلىقمىكەن، يوپۇرماقلىرى قانداقكەن، ياقتۇردىڭىزمۇ. . . دېگەندەك. بالا بىلەن ئەتراپتىكى مەنزىرە ھەققىدە پاراڭلىشىش بالىنىڭ شەيئىلەر ھەققىدە تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى بىلىشىگە پايدىلىق.







چۇشىنىشلىك، كۆڭۈللۈك، ئېنىق مەزمۇنلار بالىدا سەۋر - تاقەتلىك، چىدامچان ۋە ياخشى تەبىئەتلىك خاراكتېر يېتىلدۈرىدۇ. ئەكسىچە بالىنى جىددىيلەشتۈرۈۋېتىدىغان، كەمسىتىدىغان، تىللايدىغان سۆزلەر بالىنى مىجەزى چۇس، ئىتتىك، خالىغىنىنى قىلىدىغان قىلىپ قويىدۇ. شۇڭا ئوخشىمىغان خاراكتېردىكى سۆزلەرنىڭ بالىنىڭ مىجەزىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى زور بولىدۇ. بەلكىم بۇ ئۇنىڭ بىر ئۆمرىگە تەسىر يەتكۈزۈشى مۇمكىن.

# بالىغا شېئىرنىڭ گۈزەللىكىنى ھېس قىلدۇرۇش




كىچىك كارل بىر ياشقا كىرگەندە، «ئىلىئادا» نىڭ مۇقەددىمىسىدىكى ئون قۇرنى يادلاپ بېرەلەيتتى. شۇڭا كىشىلەرنىڭ ھەممىسى كىچىك كارلنى «خاسىيەتلىك بالا» دەيتتى. كارل ۋىتىر چۈشەندۈرۈپ: «شېئىردىكى سېھرىي كۈچ كارلنىڭ تىل تالانتىنى قوزغاتقان» دەيتتى. كىچىك كارل ئالتە ياشقا كىرگەندە، كارل ۋىتىر «ئىلىئادا» داستانىنى بالىسىغا ئوقۇپ بەرسە، ئۇ ئاڭلىغاچ ئۇخلاپ قالاتتى. يەنە نىسوننىڭ «ئۇنىڭ ئارزۇسى» ناملىق شېئىرى كىچىك كارلنىڭ ئەڭ ياخشى «ئۇيقۇ دورىسى» ئىدى. كىچىك كارلغا شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىپ بېرىش نەتىجىسىدە، ئۇ شېئىردىكى نۇرغۇن سۆزلەرنى ئېسىدە تۇتۇۋالاتتى.




ئوخشىمىغان شېئىردا ئوخشىمىغان رىتىم ۋە ئۇدار بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە شېئىر سۆزلىرى تاللانغان بولغاچقا، يارقىن، ييقىشلىق بولىدۇ. كارل ۋىتىر بالىسىغا شېئىر ئوقۇپ بەرگەندە، شېئىر رىتىمى ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسەتتى. بۇ خىل ھېسسىيات بالىنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا تەسىر كۆرسىتىپ، بالىنىڭ كەيپىياتىنى تەڭشەيدۇ، ئاكتىپچانلىقىنى ۋە ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇنىڭ تىل سېزىمىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com






# شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىش

ماس كېلىدىغان يېشى: 0 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: ئېسىل شېئىرلار توپلىمى (ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، مۇھەممەتجان راشىدىن قاتارلىقلارنىڭ شېئىر توپلاملىرى)

ئويناش ئۇسۇلى

بالىنىڭ كەيپىياتى ياخشى ۋاقىتتا، شېئىرلار توپلىمىدىن بىرنى تاللاپ، جانلىق دېكلاماتسىيە قىلىپ بېرىمىز. دېكلاماتسىيە قىلغاندا، چىراي ئىپادىمىزنى رىتىمغا ماسلاشتۇرىمىز. بالا ھاياجانلانغاندا داۋاملىق ئوقۇش، ئوقۇش جەريانىدا، ئاۋاز رىتىمغا دىققەت قىلىش، ئامال بار بالىغا شېئىرنىڭ گۈزەللىكىنى ھېس قىلدۇرۇش كېرەك. ئەگەر بالا مۇگدەپ قالسا يېنىك، رىتىملىق ئاستا شېئىرلارنى ئوقۇپ، ئۇخلىتىپ قويساق بولىدۇ.



# قوشاق ئويۇنى

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: باللار قوشاقلىرى توپلىمى

ئويناش ئۇسۇلى

قوشاقنى ئوقۇغاندا ھەرىكەت، چىراي ئىپادىمىزنى مىسرالارغا ماسلاشتۇرىمىز.



بەزى ئاتا ـ ئانىلار شېئىرنى بالىلىرى چوقۇم ئوقۇشقا تېگىشلىك «دەرس» قىلىۋالىدۇ، بۇ بالىلارنى شېئىردىن زېرىكتۈرۈپ قويىدۇ. بالىلارنى شېئىرنى ياخشى كۆرىدىغان ۋە ئوبدان دېكلاماتسىيە قىلالايدىغان قىلىش ئۈچۈن، ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىغا ئېسىل شېئىرلارنى ئوقۇپ بېرىشى، بالىدا شېئىر تۇيغۇسى يېتىلدۈرۈشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا بالىلار شېئىرنى ئاسانلا يادلىيالايدىغان، ياخشى دېكلاماتسىيە قىلالايدىغان بولىدۇ.

# ئاڭلاش مۇھىتى ناھايىتى مۇھىم




كارل ۋېتىر كىچىك كارلنىڭ ھەربىر ھەركىتىگىچە دىققەت قىلىپ تۇراتتى. كىچىك كارل ئويغانسىلا كارل ۋېتىر ھەرگىزمۇ ئۇنى يالغۇز ئويناۋەرسۇن دېمەيتتى. ئۇ خوتۇنى بىلەن ياكى كىچىك كارلغا گەپ قىلاتتى، ياكى ئۇنىڭغا شېئىرلارنى دېكلاماتسىيە قىلىپ بېرەتتى ۋە ياكى ناخشا ئوقۇپ بېرەتتى. كارل ۋېتىر كىچىك كارلغا توختىماي گەپ قىلىپ بېرەتتى. ئەگەر كىچىك كارل كارىۋات بېشىدىكى شارغا قارىغان بولسا، كارل ۋېتىر دەرھال ئۇنىڭغا: «شار، شار، ئۇ ھاۋادا لەيلەيدۇ» دەپ تەكرار دەپ بېرەتتى. كارل ۋېتىر كىچىك كارلدىن ئايرىلىشقا توغرا كەلسىمۇ يىراققا كەتمەيتتى.

كىچىك كارل ئاۋازلار دۇنياسىدا ياشايتتى، ھەر ۋاقىت گەپ قىلغان ئاۋازلارنى، مۇزىكىلارنى، شېئىر ـ قوشاقلارنى ئاڭلاپ تۇراتتى. دېگەندەك ئۇزۇن ئۆتمەيلا كىچىك كارل سۆزلەشكە باشلىغان. كارل ۋېتىر ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى قاتتىق ھاياجانلىنىپ كەتكەن.




ياخشى ئاڭلاش مۇھىتى بالىنىڭ تىلىنىڭ بۇرۇنراق چىقىشىغا پايدىلىق. ئاڭلاش مۇھىتى بالىنىڭ تىل ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرۇشتىكى زۆرۈر شەرت. ئاتا ـ ئانىلار بالىغا دائىم گەپ قىلىپ بەرمەسلىكى ياكى «شاۋقۇن» دەپ بالىنى ھەر خىل ئاۋازلار بار يەردىن قاچۇرۇشى بالىنىڭ تىل ئىقتىدارىغا پايدىسىز بولۇپ، بالىنىڭ تىل چىقىشىنى كېچىكتۈرىدۇ. بالا تۇغۇلۇپ ئىككى ھەپتىدىن كېيىنلا ئاتا ـ ئانىلىرى ئۇنىڭغا گەپ قىلىپ بېرىشى كېرەك، ئانا تىلىدىكى ئاۋاز، تەلەپپۇز ۋە ئاھاڭلار بىلەن بالدۇرراق تونۇشۇش بالىنىڭ ئۆز تەلەپپۇزىنى بۇرۇنراق توغرىلىشىغا پايدىلىق.

ياخشى ئاڭلاش مۇھىتىدا بالا تاۋۇشلارنى ياخشى پەرقلەندۈرەلەيدۇ. بالا ئازراق چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ھەر خىل نەرسىلەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىتىش كېرەك. مەسىلەن: سۇنىڭ شىلدىرلىشى، چاۋاك ئاۋازى، كىتاب ۋاراقلىغاندىكى ئاۋاز، كىتاب يەرگە چۈشۈپ كەتكەندىكى ئاۋاز، ئاپتوموبىل سىگنالى قاتارلىقلار. بالا بۇلار ئارقىلىق ھەر خىل ئاۋازلارنىڭ نېمىنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى بىلەلەيدىغان بولىدۇ. بالىنىڭ تىلى چىققاندىن كېيىن، ئاتا ـ ئانا ئۆز پاراڭلىرىنى بالىسىغا كۆپرەك ئاڭلىتىش كېرەك. ئاتا ـ ئانىلار پەقەت سۆھبەتنىڭ مەزمۇنى، ئىنتوناتسىيە ۋە پوزىتسىيەگە دىققەت قىلسىلا بولىدۇ. بۇ بىز دەۋاتقان ياخشى ئاڭلاش مۇھىتىدۇر.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com








# ھەمراجان

ماس كېلىدىغان يېشى: 0 ~ 2 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: ئۈنئالغۇ

ئويناش ئۇسۇلى

ئاتا - ئانىلار شېئىر، ناخشا، دىيالوگلارنى ئۈنگە ئېلىپ قويۇپ، ئالدىراش بولۇپ قالغاندا ئۈنگە ئالغان ئاۋازىنى بالىغا قويۇپ بېرىدۇ. چۈنكى بالىلار ئاتا - ئانىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىسا، خاتىرجەم بولىدۇ.

دىققەت قىلىدىغان ئىشلار: ئۇزۇنراق ئاۋازلارنى ئۈنگە ئېلىش كېرەك. ئەگەر ئاۋاز تۇيۇقسىز توختاپ قالسا، بالا ئاتا - ئانىسىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ، خاتىرجەمسىزلىنىدۇ. پەقەتلا ئاڭلاپ كۆرەلمەسلىك بالىدا قورقۇنچ تۇيغۇسى پەيدا قىلىشى مۇمكىن.



www.uyghurkitap.com

# تىلسىم قاپ

ماس كېلىدىغان يېشى: 1 ~ 3 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: قەغەز قاپ، قوڭغۇراق، ياغاچ قونچاق

ئويناش ئۇسۇلى

قوڭغۇراقنى قاپنىڭ ئىچىگە سېلىپ ، سىلكىپ بالىنى قىزىقتۇرىمىز. بالا تالاشسا بېرىمىز. بالا بەلكىم توختىماي سىلكىشى مۇمكىن. بۇ چاغدا بالىدىن: «قاپتىكى نېمە، ئېچىپ قاراپ باقە» دەيمىز. بالا قاپنى ئاچقاندىن كېيىن قوڭغۇراقنى كۆرىدۇ. بۇ چاغدا: «ۋوي، بۇنىڭ ئىچىدە قوڭغۇراق باركەن» دەيمىز. ئاندىن ياغاچ قونچاقنى سېلىپ چايقايمىز. ئاندىن بالا تالاشسا يەنە بالىغا بېرىمىز. بالا ئۇنى ئاچقاندا: «بۇنىڭ ئىچىدە ياغاچ قونچاق باركەن ـ ھە» دەيمىز. ئاندىن بالىغا قاپقا بىر نەرسە سېلىپ كېلىشنى بۇيرۇيمىز. ئاندىن بىز ئۇنى سىلكىپ، ئاۋاز چىقىرىپ، ئارقىدىن قاپنى ئېچىپ: «ۋاھ، قاپنىڭ ئىچىدە مۇنداق نەرسە باركەن ـ دە» دەيمىز. ئويۇن شۇ تەرتىقىدە داۋاملىشىدۇ.





بالا سۆزلەشتىن بۇرۇن چوقۇم ياخشى ئاڭلىشى كېرەك. ياخشى ئاڭلاش مۇھىتىدا بالىنىڭ تىلى تېز چىقىدۇ. بالىنىڭ ھەر خىل ئاۋازلارنى چىقىرىشى ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئاڭلىغان تاۋۇشلارنى تەقلىد قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار ئالدىراش بولۇپ كېتىپ بالىغا ھېكايە ئېيتىپ بېرىدىغانغا ۋاقتى چىقمىسا، بالىغا مۇنداق ئۇسۇللاردا گەپ قىلسا بولىدۇ. مەسىلەن: گېزىت ياكى كىتابنى ئۈنلۈك ئاۋازدا ئوقۇش، رادىيو قويۇپ بېرىش قاتارلىقلار ئارقىلىق ياخشى تىل مۇھىتى بەرپا قىلغىلى بولىدۇ.



# بالا ھېكايىگە ئەڭ ئامراق




كىچىك كارل ھېكايە ئاڭلاشنى ئەڭ ياخشى كۆرەتتى. كىچىك كارل ئاڭلاپ چۈشىنەلەيدىغان بولغاندا، كارل ۋىتېر بىلەن خوتۇنى ئۇنىڭغا نۆۋەتلىشىپ ھېكايە ئېيتىپ بېرەتتى. كىچىك كارل ھېكايىنى بېرىلىپ ئاڭلايتتى. كارل ۋىتېر ھېكايىسىنى تۈگەتكەندە، بالىسىدىن ھېكايىدە نېمە سۆزلەنگەنلىكىنى سورايتتى. كىچىك كارل ھېكايىنىڭ مەزمۇنىنى يەنە بىر قېتىم دەپ بېرەتتى. كىچىك كارل ئادەتتە ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرىنى قوشۇپ، ئۆزىنىڭ چۈشەنگىنى بويىچە ھېكايىنى سۆزلەپ چىقاتتى. كارل ۋىتېر بالىسى ئېنىق چۈشەنمىگەن نۇقتىلارنى قايتا چۈشەندۈرۈپ قوياتتى. ئاڭلىغان ھېكايىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ كىچىك كارلنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارى ۋە سۆزلۈك مىقدارىمۇ ئېشىپ، كېيىنچە ئۆزى ھېكايە توقۇپ ئېيتىپ بېرەلەيدىغان بولدى.




بالىلارنىڭ سۆزلۈك مىقدارى ۋە ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشتا ھېكايە سۆزلەش ئەڭ ياخشى ئۇسۇل. چۈنكى بالا دۇنيانى كۆپ چۈشەنمەيدۇ. شۇڭا ئەتراپىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە قىزىقىدۇ، ئوخشىمايدىغان ھېكايىلەر بالىنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاپ، دۇنياغا نىسبەتەن چەكسىز تەسەۋۋۇر پەيدا قىلىدۇ. بالىلارنىڭ ھەممىسى ھېكايە ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلار ھېكايىنى قىزىقىپ ئاڭلىغاندا، ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى ئېسىدە تۇتۇۋالالايدۇ ھەم ئۆز چۈشەنگىنى بويىچە ھېكايىنى بايان قىلالايدۇ. بۇ بالىلارنىڭ تىل ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشنىڭ ياخشى ئۇسۇلى. ئاڭلىغان ھېكايە قانچە كۆپ بولسا، بالىنىڭ سۆزلەش ئىقتىدارىمۇ شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ. شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىغا داۋاملىق قىزىقارلىق ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بېرىشى كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com






# ھايۋاناتلار دۇنياسى

ماس كېلىدىغان يېشى: 1 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: ئويۇنچۇق پىل، مايمۇن، يولۋاس، بۇغا، چاشقان قاتارلىقلار.

ئويناش ئۇسۇلى

بالىنىڭ ئالدىغا بۇ ئويۇنچۇقلارنى تىزىپ قويۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا بىر ئورمانلىق ھېكايىسى ئېيتىپ بېرىمىز. يەنى، قولىمىزغا ھەر خىل ئويۇنچۇقلارنى ئېلىپ، رول ئالغاچ، ئوبرازلىق بىر ھېكايە سۆزلەپ بېرىمىز. مەسىلەن: بىر كۈنى پىل ئورمانلىقتا سەيلە قىلىۋاتقان ئىكەن. تويۇقسىزلا بىر چاشقان پىلنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن پىل: «چاشقان بۇرنۇمغا كىرىۋالسا نەپەس ئالالماي ئۆلۈپ قالارمەنمۇ دەپ قورقۇپ كېتىپتۇ. . . . . . ». بۇنىڭ ئاخىرىنى قولىمىزدا بار ئويۇنچۇقلاردىن پايدىلىنىپ بېيىتىپ، بالىلارغا سۆزلەپ بېرىمىز. ھېكايە تۈگىگەندە، بالىنىمۇ سۆزلەتكۈزىمىز.



# ھېكايە توقۇش

ماس كېلىدىغان يېشى: 1 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: رەسىملىك ھېكايە كىتاب

ئوينىاش ئۇسۇلى

كىتابتىكى رەسىم مەزمۇنىغا ئاساسەن، بالىغا ھېكايە سۆزلەپ بېرىمىز.



بالىغا ھېكايە ئېيتىپ بەرگەندە، تەلەپپۇز ۋە ھەرىكەت بىلەن بالىنى قىزىقتۇرۇش كېرەك. بالا چۈشىنەلمەيدىغان ئەدەبىي سۆزلەرنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. ھېكايە ئامال بار قىسقا، جانلىق بولغىنى ياخشى. سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، ھېكايىنى بالىغا قايتا سۆزلەتكۈزۈش ياكى بالىغا يېڭى ھېكايە توقۇتقۇزۇش كېرەك. ھېكايە ئاڭلاش ۋە بالىغا ھېكايە سۆزلەتكۈزۈش بالىنىڭ تىل ئىقتىدارىنى قوزغاشتىكى مۇھىم ۋاستە. شۇنداقلا بالىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى قوزغاشتىكىمۇ مۇھىم ۋاستە.

www.uyghurkitap.com

# 1 ـ بۆلەك

## تىل تەربىيەسى

### 4. كۆپ مەشىقلەنسە، ياخشى سۆزلىيەلەيدۇ

تىرىشچانلىق يېتەرسىزلىكلەرنى تۈگىتەلەيدۇ. كۆپ سۆزلەش تىلدىكى بەزى نۇقسانلارنى تۈزىتىش ھەم بالىنىڭ سۆزلەش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى ئاچقۇچلۇق ئامىل. بالىغا سۆزلەشنى مەشىق قىلغۇزغاندا چوقۇم بالىنىڭ پسخىك ئېھتىياجىنى چۈشىنىپ، ۋاقتىدا ماختاپ ۋە رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك. خەت ئوقۇش، خەت يېزىش قاتارلىق كۆپ تەرەپتىن مەشىق قىلغاندا، بالىنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارى، لوگىكىلىق ئىقتىدارى ۋە سەۋرچانلىقى ئاشىدۇ.





# دەل ۋاقتىدا بالىنى ئىلھاملاندۇرۇش




كىچىك كارل دادىسىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ئىپادىلەشنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى، چۈنكى دادىسى ئۇنىڭ ياخشى ئىپادىسىنى ھەر دائىم ماختايتتى. كىچىك كارل بۆشۈكتىكى ۋاقتىدىمۇ كارل ۋىتىر ئۇنىڭ ھەممە ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىپ تۇراتتى، كىچىك كارلنىڭ ھاياجانلىنىپ، قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، تېپچەكلەپ كەتكىنىنى كۆرگەندە ئۇنى ماختاپ چاۋاك چالاتتى. بۇ كىچىك كارلنى تېخىمۇ خۇش قىلاتتى. كىچىك كارل ئاددىي سۆزلەرنى قىلالايدىغان بولغاندا، كارل ۋىتىر ئۇنى ماختاپ، ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆپ سۆزلەرنى ئۆگىتەتتى. كىچىك كارل خۇشال بولۇپ، تېخىمۇ كۆپ سۆزلەرنى ئۆگىنەتتى.




ئىلھاملاندۇرۇش بالىنىڭ مەلۇم ئىشقا بولغان قىزغىنلىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرىدۇ. ئاتا - ئانىلارنىڭ ماختىشى بالىغا نىسبەتەن يېگى بىر ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ. كارل ۋىتىر شۇنى ھېس قىلغانكى، ھېچقانچە ماختىغۇچىلىكى يوق ئىشلارنى ماختاپ قويۇشمۇ بالىنى ھاياجانلاندۇرىدۇ. «سەن چوقۇم قىلالايسەن» دېيىش بالىنى ئۈمىدكە تولدۇرىدۇ، ئەكسىچە ئاتا - ئانىلارنىڭ «ياق، بولمايدۇ، قىلالمايسەن، دۆت، ئەقىلسىز» دېگەن سۆزلىرى بالىنىڭ ئىشەنچىنى سۇسلاشتۇرىدۇ ياكى يوقىتىدۇ. ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىنى قوللىشى ياكى قارشى تۇرۇشى بالىنىڭ مەلۇم شەيئى توغرىسىدا ھۆكۈم قىلىشىغا ۋە ئەمەلىي ئىش قىلىش ئىقتىدارىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئاتا - ئانىلارنىڭ دەل ۋاقتىدا ئىلھام - مەدەت بېرىشى ئۈمىدسىزلەنگەن بالىغا قايتىدىن ھاياتىي كۈچ بېرىپ، گەپ قىلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان بالىنى دادىل سۆزلىيەلەيدىغان قىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى






# بوپ-بوپ

ماس كېلىدىغان يېشى: 0 ~ 3 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

بالىنىڭ ئالقىنىغا ئىككى قېتىم پۇۋلەپ قويساق، بالا خۇشال بولۇپ كۈلۈپ كېتىدۇ ياكى تېپچەكلەپ كېتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا بالىنىڭ دىققىتى سىزگە بۇرۇلۇپ، سىزنىڭ يەنە شۇنداق قىلىشىڭىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. بالىنىڭ ئېغىز شەكلى ئاتا-ئانىسىنىڭ ئېغىز شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگەرگەندە، سىز يەنە «بوپ» قىلسىڭىز، بالا ئاسانلا ئۆگىنىۋالالايدۇ. بالا بۇنى ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن، قايتا-قايتا مەشق قىلغۇزۇڭ ھەم ھەر قېتىم قىلغاندىلا ماختاپ تۇرۇڭ.





# بالىلار ناخشىسى



ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

بالىلار ناخشىسىدىن بىرنى قويۇپ بېرىمىز ياكى ئېيتىپ بېرىمىز. ئاندىن بالىغا: سەن بەك ئەقىللىق، سەن چوقۇم ياخشى ئېيتالايسەن، «كېلە، تەڭ ئېيتىمىز» دەيمىز. ماختاشنى ئاڭلىغان بالا خۇشاللىق بىلەن بىزگە ئەگىشىدۇ. بالا ھەربىر مىسرانى ئەگىشىپ ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى ماختايمىز. «ئاۋازىڭ نېمىدېگەن يېقىملىق، ناخشىنى ئەجەبمۇ ياخشى ئېيتتىڭ، يەنە بىرنى ئېيتىپ بەرگىنە» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن بالىنى ئىلھاملاندۇرىمىز.



بەزى ئاتا ـ ئانىلار «بالىنى چىڭ تۇتۇپ باشقۇرۇش كېرەك. بالىنى ئىختىيارىغا قويۇۋېتىشكە، ئەركە ئۆگىتىپ قويۇشقا بولمايدۇ» دەپ قارايدۇ. ئەركىلىتىشنىڭ تۈرلىرى كۆپ خىل، ماددىي جەھەتتىكى ئەركىلىتىش بالىنى ئەركە قىلىۋېتىدۇ. لېكىن مەنىۋى جەھەتتىكى ئەركىلىتىش بالىنىڭ ئاكتىپلىقىنى، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى قوزغايدۇ. كىچىك ۋاقتىدا بالىنىڭ دۇنياسىدا پەقەت ئاتا ـ ئانىسىلا بولىدۇ. مەيلى نېمە ئىش قىلسۇن، ھەممىسىنى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. شۇڭا بالىدا ئازراق ئىلگىرىلەش بولسىلا مەيلى ئۇ قانچىلىك چوڭ ياكى كىچىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئاتا ـ ئانىلار ئۇنى ۋاقتىدا ماختاپ، رىغبەتلەندۈرۈپ تۇرۇشى كېرەك.

www.uyghurkitap.com

# گەپنى تولۇق دېيىش كېرەك




كارل ۋېتىر بالىسىغا ئەزەلدىن ئىش ئۆگىتىش ئۈچۈن ئۇقمايدىغان بالىغا مۇئامىلە قىلغاندەك ئەمەس، بەلكى ئاغىنىسىگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلاتتى. ئۆلچەملىك سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى تېزلا نەتىجىسىنى كۆرسەتتى. بىر قېتىم كارل ۋېتىرنىڭ دوستى ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلدى. كارل ۋېتىر ئۇ مېھماننىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئىدى. مېھمان كىچىك كارلنىڭ مۈشۈكنى ئوينىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «بالام، مىياۋ بەك چىرايلىقكەن ـ ھە!» دېۋىدى، كىچىك كارل دەرھاللا: «تاغا، بۇ مىياۋ ئەمەس، مۈشۈك» دېدى. كىچىك كارلنىڭ ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى ئېيتىپ بەرگىنىنى كۆرگەن مېھمان ھەيران قالدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ مېھمان كىچىك كارلغا قىزىقىپ، گۈلنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «ئاۋۇ نېمە؟» دەپ سورىدى. كىچىك كارل: «گۈل» دەپ جاۋاب بەردى. مېھمان ئۆي ئىچىدىكى بارلىق نەرسىلەرنى كىچىك كارلدىن سوراپ چىقتى. كارل ھەممىسىگە باشقا بالىلاردەك ئەمەس تولۇق، ئۆلچەملىك جاۋاب بەردى. ئاندىن ئۇ ئادەمدىن: «تاغا، سىز بۇ نەرسىلەرنى بىلمەمسىز، ئىلگىرى پەقەت كۆرۈپ باقمىغانمۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇ كىشى كۈلۈپ كېتىپ، كارل ۋېتىرغا بۇرۇلۇپ: «بۇرادەر، ماڭا قانداق قىلغانلىقىڭنى دەپ بەر، ئوغلۇم كارلدىن بىر ياش چوڭ، لېكىن ئۇ بۇنداق سوئاللارنى ھەرگىزمۇ سورىيالمايدۇ» دېدى.




نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار بالا تېخى كىچىك، تىل ئۆگىنىش تەرتىپلىك ھەم ئاستا ئىلگىرىلەيدىغان جەريان. بالىنىڭ چۈشىنىش ئىقتىدارى ۋە قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى چەكلىك. شۇڭا بالىغا گەپ ئۆگەتكەندە، سۆزنى قىسقارتىپ، ئاددىيلاشتۇرۇپ بالا ئاسان قوبۇل قىلالايدىغان شەكىلدە ئۆگىتىش كېرەك دەپ قارايدۇ. مەسىلەن: تاماقنى ھام ھام، ئۇسسۇلۇقنى ھۇممە، سۈتنى مەممە، سىيىشنى جوجو. . . دېگەندەك. بۇنداق سۆزلەرنى بالا تېز ئۆگىنىۋالالايدۇ. ئەمما ئۇ بالىنىڭ تىل ئىقتىدارىنىڭ ئۆسۈشىنى چەكلەپ قويىدۇ.

ئىككى ياش تىل ئۆگىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى ۋاقتى ھېسابلىنىدۇ. كارل ۋېتىر ئىزچىل بالىسىغا سۆز ۋە جۈملىلەرنى تولۇق ئۆگىتىپ كەلگەن. كىچىك كارل ئاڭلاپ چۈشىنەلەيدىغان بولغاندا، ئۇ باشقىلارنىڭ سۆزىنى بەزىدە بىۋاسىتە ئاڭلاپ چۈشىنەلەيتتى، بەزىدە ئازراق ئويلىنىپ ئاندىن نېمە دېگەنلىكىنى چۈشىنەلەيتتى. لېكىن كىچىكىدىنلا تولۇق بولمىغان سۆزلەرنى ئاڭلاپ چوڭ بولغان بالىلار دېيىلىۋاتقان سۆزنىڭ لوگىكىلىقى سەللا كۈچلۈك بولسا، نېمە دېيىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالمايدۇ. بالىغا تولۇق بولمىغان سۆز ـ جۈملىلەرنى ئۆگىتىش پەقەت ۋاقىت ئىسراپچىلىقى خالاس. بۇ بالىنىڭ تىل ئۆگىنىش سۈرئىتىنى چەكلەپ قويىدۇ. ئاتا ـ ئانىسى بالىسىغا تولۇق سۆزلىمەيدىغان بەزى بالىلار مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ باشقا بالىلار بىلەن ئالاقە قىلىشىنىڭ ۋە ئۆگىنىشىنىڭ مەلۇم تەسىرگە ئۇچرايدىغانلىقى بايقالدى. ئۆلچەملىك توغرا تىل بالىنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. نورمال سۆزلەشنى ئۆگىنىۋالسا، ئۇنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارى ئېشىپ، نەرسىلەرنى ياخشى چۈشىنىپ، ئىجتىمائىي ئالاقىسى راۋاجلىنىشىدۇ.

# جۈملە تۈزۈش

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: قېرىنداش، رەسىم تاختىسى

ئويناش ئۇسۇلى

قېرىنداشنى ئېلىپ بالىغا تونۇتىمىز، ئاندىن رەسىم تاختىسىنى بالىغا تونۇتىمىز. قېرىنداش بىلەن رەسىم تاختىسىغا رەسىم سىزىپ بالىغا قېرىنداش بىلەن رەسىم تاختىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۇقتۇرىمىز. ئاۋۋال كۈچۈك سىزىپ، بالىدىن «بۇ نېمە؟» دەپ سورايمىز. بالا چوقۇم «كۈچۈك» دېيەلەيدۇ. بۇ چاغدا بالىغا «ئاپام قېرىنداش بىلەن رەسىم تاختىسىغا بىر كۈچۈك سىزدى» دەپ ئۆگىتىمىز. بالا تەكرارلىغاندىن كېيىن، يەنە بىر مۈشۈك سىزىمىز، ئاندىن تولۇق جۈملە تۈزگۈزىمىز. ئويۇن مۇشۇ تەرىقىدە داۋاملىشىدۇ. بالا توغرا جاۋاب بەرسە ماختايمىز ھەم رىغبەتلەندۈرىمىز.



www.uyghurkitap.com

# رادىيو ئاڭلاش

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: رادىيو

ئويناش ئۇسۇلى

رادىيونى بالا بىلەن بىللە ئاڭلىغاچ، چۈشەنمىگەن جايلىرىنى چۈشەندۈرىمىز. بالىدىن مەزمۇننى چۈشەنگەن-چۈشەنمىگەنلىكىنى سورايمىز. بالا جاۋاب بېرەلمەي قالغان بەزى نۇقتىلارنى بىز تولۇقلاپ قويىمىز.





«مەممە، ھۇممە. . . » دېگەن سۆزلەر بىلەن «قورسىقىم ئاچتى، ئۇسسۇلۇق ئىچىمەن» دېگەن سۆزلەرنى سېلىشتۇرغاندا، كېيىنكىسى تېخىمۇ ئەقلىيرەك. يېرىم- يارتا سۆزلەش بالىنىڭ تىل تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولىدۇ. بالا تېخىمۇ كۆپ سۆزلەرنى ئىشلىتەلمەيدۇ. ئۆلچەملىك ئېيتىلغان سۆز ياكى جۈملىلەر بالىنىڭ چۈشىنىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، مۇكەممەل سۆزلەش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشكە پايدىلىق. ئۇنى يېرىم- يارتا سۆز قىلىدىغانلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ گەۋدىلىك بولىدۇ.



# كىچىك كارلنىڭ چىرايلىق ئىمزاسى




بىر كۈنى كارل ۋېتىر كىتابخانىسىدا بىر نەرسە يېزىۋاتقاندا، كىچىك كارل دادىسىنى دوراپ قەغەزگە جىجاشقا باشلىدى. بالىسىنىڭ ئۆزىنى دوراپ قەلەم تۇتۇۋالغانلىقىنى كۆرگەن كارل ۋېتىردا بالىسىغا خەت يېزىشنى ئۆگىتىش ئويى پەيدا بولدى. ئۇ تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇپ، بالىسىغا قەلەمنى قانداق تۇتۇشنى ھەم ھەرپلەرنى قانداق يېزىشنى ئۆگەتتى. كىچىك كارل خەتنى بەك سەت يازدى، لېكىن كارل ۋېتىرنىڭ كۆڭۈل قويۇپ يېتەكلىشى بىلەن ناھايىتى تېزلا خەت يېزىشنى ئۆگىنىۋالدى. كىچىك كارل ھەرپلەرنى يازالايدىغان بولغاندىن كېيىن، كارل ۋېتىر ئۇنىڭغا ئىسمىنى يازغۇزدى. كارل ۋېتىر بىر قەغەزگە كىچىك كارلنىڭ ئىسمىنى يازدى. ئاندىن ئۇنىڭغا بىر ھەرپ، بىر ھەرپتىن ئوقۇتتى، ئاخىرىدا دوراپ يېزىشقا بۇيرۇدى. كىچىك كارل تۆت ياش ۋاقتىدىلا ئۆزىنىڭ ئىمزاسىنى چىرايلىق يازالايتى. ئۇنىڭ ئۆز ئىسمىنى ئىپتىخارلىق بىلەن يازغىنىنى كۆرگەن ئاپىسى بەك خۇش بولۇپ كەتتى.

بىر قېتىم كارل ۋېتىر ئائىلىسى بىلەن ساياھەتكە چىقتى. مېھمانخانىدا تىزىملايدىغان چاغدا كارل ۋېتىر بالىسىنى ئىمزا قويۇشقا بۇيرۇدى. كىچىك كارلنىڭ چىرايلىق ئىمزاسىنى كۆرگەن بىر نەچچە مۇلازىم ھەيران قالدى ھەم ئۇنى ماختاپ كېتىشتى. كىچىك كارل بۇنىڭدىن چەكسىز پەخىرلىنىش ھېس قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن كىچىك كارل خەت يېزىشقا ئامراق بولۇپ قالدى. ئۇ يازغانسېرى تېخىمۇ توغرا سۆزلەيدىغان بولدى.




بالىدا توغما دوراش ئىقتىدارى بولىدۇ. ئاتا - ئانىسىنىڭ قەغەزلەرگە نۇرغۇن نەرسىلەرنى يازغىنىنى كۆرگەندە، ئۇ بەك سىرلىق ھېس قىلىپ، قىزىقىدۇ ۋە دورايدۇ. قەغەزدىكى سىزغان نەرسىلەر بالىلار ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەردۇر. شۇڭا ئاتا - ئانىلار مۇشۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، بالىغا خەت يېزىشنى ئۆگىتىشى كېرەك. خەت يېزىش بالىنىڭ ئۆزىنى تەكشەش ئىقتىدارى ۋە چوڭ مېڭىنىڭ ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدىغان ياخشى چېنىقىش، شۇنداقلا بالىدا سەۋرچانلىق، ئىرادە، بەدەن تەڭپۇڭلۇقى، لوگىكىلىق تەپەككۇر ۋە ياخشى خاراكتېرنى يېتىلدۈرۈشكە پايدىلىق. بۇ ئىقتىدارلار بالىنىڭ تىل تەرەققىياتىغا چوڭ ياردەم بېرىدۇ.






# ھايۋانلار باغچىسى

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: ئىككى رەسىم تاختىسى، ئىككى قەلەم

ئويناش ئۇسۇلى

ئانا ـ بالا ھەر ئىككىسى بىر رەسىم تاختىسى ۋە بىر قەلەم ئالىدۇ. ئاندىن ئانا تاختىغا بالىسى ياقتۇرىدىغان رەسىملەرنى سىزىدۇ. بالىمۇ رەسىم تاختىسىغا قالايمىقان سىزىشنى باشلىغاندا، ئانا «ساڭا بېلىق سىزىشنى ئۆگىتىپ قويايمۇ؟» دەپ سورايدۇ. بالا «ھەئە» دېسە، ئانا بالىغا قەلەمنى توغرا تۇتۇشنى، ئاندىن بالىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ رەسىم سىزىشنى ئۆگىتىشى كېرەك. ئاندىن يەنە ئۆردەك، مۈشۈك دېگەندەكلەرنى ئۆگەتسە بولىدۇ.



دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

ئانا رەسىم سىزغاندا، ھەربىر سىزىقنى قانداق سىزغانلىقىنى بالىغا ئېنىق كۆرسىتىش كېرەك. بالىسى سىزىۋاتقاندا، ئۇنىڭغا بەك كۆپ تۈزىتىش بەرمەسلىك لازىم، بولمىسا بالىنىڭ ئاكتىپچانلىقى يوقاپ كېتىدۇ. رەسىم سىزىپ بولغاندا بالىنى ماختاش، ھاياجانلانسا داۋاملىق ئۆگىتىش كېرەك.

# سۆز قۇراشتۇرۇش

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: قەغەز، قەلەم

ئويناش ئۇسۇلى

ئاۋۋال قەغەزگە بىر ھەرىپ ياكى بوغۇم يازىمىز. ئاندىن بالىغا بۇنى ئوقۇشنى ئۆگىتىمىز. مەسىلەن: قەغەزگە «ئا» ھەرپىنى يېزىپ، بالىغا ئۆگىتىمىز. ئاندىن ئاينىڭ رەسىمىنى سىزىپ، يېنىغا «ئا» ھەرپىنى يېزىپ، «بۇ نېمە؟» دەپ سورايمىز. بالا «ئاي» دەپ جاۋاب بەرگەندە، «ئەمىسە، ئاي دېگەن خەتنى يېزىشنى ئۆگىنەيلى» دەپ، «ئا» نىڭ كەينىگە «ي» نى يازىمىز. ئويۇننى مۇشۇ شەكىلدە ئوينىساق بولىدۇ.




دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

بالىنىڭ بىر ھەرپنى تولۇق ئەستە تۇتۇۋېلىشى ئۈچۈن، ئامال بار شۇ ھەرپكە مۇناسىۋەتلىك، ئاددىي بىر-ئىككى بوغۇملۇق سۆز بىلەن ئاتىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ رەسىمىنى سىزىمىز ياكى قونچىقىنى تاپساقمۇ بولىدۇ. مەسىلەن: ئاي، ئات، ئاش، ئارا، ئالما، ئانار، ئاتا. . . . . قاتارلىقلار.

بالىلار قالايمىقان نەرسىلەرنى سىزىشقا ئامراق. مۇشۇ ۋاقىتتا يېتەكلىمىسە، ئۇنىڭغا خەت ئۆگىتىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى قولدىن كېتىدۇ. ئاتا - ئانىلار بالىلارغا خەت يېزىشنىڭ خۇشاللىق ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇش كېرەك. بولمىسا ئاسانلا قىزىقىشى يوقاپ، زېرىكىپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇنى ئويۇنغا ئايلاندۇرۇش كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بالىغا كۈندىلىك خاتىرە يازغۇزۇش




كۆپ قىسىم ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ 3 ~ 4 ياش مەزگىلى ئۇلارنىڭ ئوينايدىغان ۋاقتى، ئۇنى تارتىۋالماسلىق كېرەك دەپ قارايدۇ. لېكىن كارل ۋىتېر بالىسى تۆت ياشقا كىرگەندە، ئۇنىڭدا كۈندىلىك خاتىرە يېزىش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن. بۇ نۇرغۇن كىشىنىڭ نەزىرىدە مۇمكىن بولمايدىغان ئىش. تۆت ياشتا بەلكىم بىر قانچە كۇپلېت شېئىر يادلىيالىشى مۇمكىن، لېكىن كۈندىلىك خاتىرە يېزىش تولىمۇ تەس ئىش. ئەمما كىچىك كارل كۈندىلىك خاتىرە يېزىپلا قالماستىن، بۇ ئادىتىنى ياخشى كۆرۈپ داۋاملاشتۇراتتى.

ئۇ چاغلاردا كىچىك كارل خەت يازسا بەك خۇشال بولاتتى. بىر كۈنى كارل ۋىتېر بالىسىغا ھېكايە ئېيتىپ بەردى. ئۇنىڭدا بىر شاھزادىنىڭ خۇشال ـ خۇرام چوڭ بولغانلىقى، لېكىن پادىشاھ بولغاندىن كېيىن خۇشال بولالمىغانلىقى، ھوقۇقنىڭ ئۇنىڭ ئەركىنلىكىنى يوقىتىۋەتكەنلىكى، ئەسلىملىرىدىن خۇشاللىق تاپماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ھېچنېمىنى ئەسلىيەلمەي، ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى بايان قىلىنغانىدى. ھېكايە تۈگىگەندە كارل ۋىتېر بالىسىدىن: «بۇرۇنقى خۇشاللىقلىرىڭ ئېسىڭدىمۇ؟» دەپ سورىدى. كىچىك كارل ئويلىنىپ تۇرۇپ، بېشىنى چايقىدى. كارل ۋىتېر ئۇنىڭدىن: «سەنمۇ شاھزادىدەك گۈزەل ئەسلىمىسى يوق ئادەم بولۇشنى خالامسەن؟» دېدى. كىچىك كارل: «ياق، خۇشاللىقنى يوقىتىپ قويغۇم يوق» دېدى. كارل ۋىتېر: «ئەمىسە مەن ساڭا خۇشاللىقنى ساقلاشنىڭ بىر ئۇسۇلىنى دەپ بېرەي، لېكىن ماڭا داۋاملاشتۇرۇشقا ۋەدە بەر. ئۇ چاغدا سەن تېخىمۇ كۆپ خۇشاللىق تاپالايسەن» دېدى. كىچىك كارل قەتئىيلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى. كارل ۋىتېر ئۇ ئۇسۇلنى ئوغلىغا ئېيتقاندا، ئۇ بەك ھاياجانلاندى. چۈنكى ئۇ ئۆزىگە تەۋە خۇشاللىقنىڭ «ئامبىرى» نى تېپىۋالغانىدى. شۇ كۈندىن باشلاپ، كىچىك كارل كۈندىلىك خاتىرە يازدى ھەم داۋاملاشتۇردى. بۇنىڭ بىلەن كارلنىڭ تىل بايلىقى تېخىمۇ موللىشىپ، شېئىر ۋە ھېكايە يازالايدىغان بولدى.






بالىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا كۈندىلىك خاتىرە يېزىش ئىنتايىن ياخشى ئادەت. بۇ ياشنىڭ چوڭ ـ كىچىك بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتسىز. بالا ئۆزىنىڭ چوڭ بولۇش جەريانىدىكى ئىشلىرىنى خاتىرىلەپ قويسا، ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپلا قالماستىن، يېزىقچىلىق، تىل ۋە تەشكىللەش ئىقتىدارىنىمۇ ئۆستۈرىدۇ.



# ھېكايىدىكى كۈندىلىك خاتىرە

ماس كېلىدىغان يېشى: 4 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

ئاتا - ئانىلار بالىغا ھېكايە سۆزلەپ بەرگەندە، كۈندىلىك خاتىرە دېگەن بۇ سۆزنى كۆپرەك تىلغا ئېلىش كېرەك. ئاندىن كۈندىلىك خاتىرىنىڭ خۇشاللىق ئېلىپ كەلگەنلىكىدەك مەزمۇننى چوقۇم ئۇقتۇرۇشى كېرەك. ھېكايە ئېيتىش جەريانىدا كۈندىلىك خاتىرىنى قانداق يېزىشنىمۇ دېيىش كېرەك. كېيىنكى ھېكايىلەرنى ئېيتقاندا، كۈندىلىك خاتىرە دېگەن سۆز ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ مەيلى، لېكىن كۈندىلىك خاتىرىنىڭ مۇھىملىقى، سىرلىقلىقى گەۋدىلىنىشى كېرەك. ھېكايە قىزىقارلىق ئېيتىلىشى كېرەك.



www.uyghurkitap.com

# ئۆسۈپ يېتىلىش خاتىرىسى يېزىش

ماس كېلىدىغان يېشى: **4 ~ 6 ياشقىچە**

ئويناش ئۇسۇلى

ئاتا ـ ئانىلار بالىسى ئۈچۈن خاتىرە يازىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈشى، ھەر كۈنى بالىسىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدىكى ئىشلارنى خاتىرىلەپ مېڭىشى، بالىسى ئۈچۈن كۈندىلىك خاتىرە يېزىشى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە قىزىقارلىق ئەسلىمىلەردىن ھوزۇرلىنىشى كېرەك. بالا كۈندىلىك خاتىرىگە قىزىققاندا، ئاتا ـ ئانىسى بالىسىغا كۈندىلىك خاتىرە يېزىشىپ بېرىشى، ئاستا ـ ئاستا ئۆزى يېزىشقا يېتەكلىشى كېرەك. ھەركۈنى ئالاھىدە ۋاقىتنى بەلگىلەش، شۇ كۈندىكى قىزىقارلىق ئىشلارنى خاتىرىلەش، كۈندىلىك خاتىرە يېزىشنى خۇشاللىققا تولدۇرۇشى كېرەك.



ئاتا ـ ئانىلار بالىدا كۈندىلىك خاتىرە يېزىش ئادىتى يېتىلمەي تۇرۇپلا، ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن بالىنى كۈندىلىك خاتىرە يېزىشقا مەجبۇرلاش ئەكسىچە ئۈنۈم بېرىدۇ. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالا بىلەن بىللە كۈندىلىك خاتىرە يېزىشى بالىدا كۈندىلىك خاتىرە يازىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈشكە پايدىلىق. مەسىلەن: دادا بولغۇچى بالىغا: «بۈگۈن ئەجەب بىر قىزىق ئىش بولدى. دەرھال يېزىۋالاي، سەنچۇ، بىرەر قىزىق ئىشنى كۆردۈڭمۇ؟» دېگەچ، قەلەم بىلەن كۈلگەن چىرايىنى دەپتەرگە سىزىمىز ھەم بالىنى كۈندىلىك خاتىرە يېزىشقا رىغبەتلەندۈرىمىز.

# 1 - بۆلەك

## تىل تەربىيەسى

### 5. چەت ئەل تىلىنى خۇشال ئۆگىنىش

ئانا تىل بالىنىڭ تۇنجى تىلى، پۈتۈنلەي ئانا تىل شارائىتىدا چەت ئەل تىلى ئۆگىنىش چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. چەت ئەل تىلى ئۆگىنىش بالىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، شۇڭا چەت ئەل تىلىنى ئۆگىنىش ئىنتايىن مۇھىم. چەت ئەل تىلىنى ئۆگىنىشنى ئانا تىلغا سېلىشتۇرغاندا ھەم ئوخشاشلىق ھەم ئوخشىماسلىق بار. بالىنى چەت ئەل تىلى مۇھىتىدا تۇرغۇزۇپ، ھەر خىل ئويۇنلار ئارقىلىق بالىنىڭ قىزىقىشىنى ۋە ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاش بالىنى چەت ئەل تىلىنى ياخشى كۆرگۈزۈشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى. ياخشى چەت ئەل تىل ئاساسى كەلگۈسىدە بىر توسالغۇنى ئازايتىپ، بىر ئىقتىدارنى كۆپەيتىدۇ. كونىلار ئېيتقانكى: بىر تىلنى ئارتۇق بىلسەڭ، يېرىم ناننى ئارتۇق يەيسەن.



www.uyghurkitap.com

# بالىنىڭ چەت ئەل تىلىغا بولغان قىزىقىشىنى قوزغاش




كىچىك كارل ئائىلە ئايلىق ۋاقتىدىلا كارل ۋىتىر ئەر - خوتۇن ئىنگلىز تىلى ھەرپلىرىنى ناخشا قىلىپ كىچىك كارلغا ئېيتىپ بېرەتتى. ئەلۋەتتە كىچىك كارل بۇنى چۈشىنەلمەيتتى. بەلكىم ئۇ بۇلارنى يەنە بىر قېتىم قورسىقى ئاچقۇچە ئۇنتۇپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن كارل ۋىتىر ئەر - خوتۇن ۋاز كېچىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان. كېيىن ئۇلار قىزىقارلىق چەت ئەل تىلى ناخشىلىرىنى تېپىپ كارلغا ئېيتىپ بەردى. ئۇزاق مەزگىل يېقىملىق چەت ئەلچە ناخشىلارنى ئاڭلاش كارلدا ئاخىر ئىنكاس پەيدا قىلدى. ئۇ غەلىتە، لېكىن قىزىقارلىق ئاۋازلارنى ياقتۇرۇپ قالدى. بەلكىم كىچىك كارل ئۇ چاغدا چەت ئەل تىلىنىڭ تاۋۇشلىرىغا كۆنۈپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. كارل ۋىتىر بالىسىنىڭ تىلى چىققاندا چەت ئەل تىلىنىمۇ قوشۇمچە ئۆگەتتى. بۇ چاغدا كىچىك كارلدا ئالاھىدە ئىقتىدار نامايان بولۇشقا باشلىدى. بەزى تاق سۆزلەرنى بىر - ئىككى قېتىم ئۆگەتسىلا توغرا تەلەپپۇز قىلالايتتى. چوقۇم ئاشۇ چەت ئەلچە ناخشىلار ئۇنىڭغا ياخشى ئاساس تىكلەپ، كىچىك كارلنىڭ چەت ئەل تىلى ئۆگىنىش جەريانىنى ئاسانلاشتۇرغان بولۇشى مۇمكىن. كىچىك كارل چەت ئەل تىلىنى خۇشاللىق بىلەن ئۆگەندى، ئۇ بەزىدە ئاتا - ئانىسىدىن ئۇ ناخشىلارنى ئېيتىپ بېرىشنى قايتا - قايتا تەلەپ قىلاتتى.




نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، بالىسىغا چەت ئەل تىلى ئۆگىتىش ئۇلارنىڭ چوڭ باش قېتىنچىلىقى. ئۇلار بالىسىنىڭ نېمىشقا بىر قانچە خەتنى ئارتۇق يازسىمۇ بىر قانچە سۆزنى ئارتۇق يادلاشنى خالىمايدىغانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە مۇھىت ۋە ئۆگىتىش ئۇسۇلى بالىنىڭ روھىي ھالىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئانا تىلغا سېلىشتۇرغاندا چەت ئەل تىلى مۇرەككەپ، چۈشىنىش تەس. كۆپ ھاللاردا بالا چەت ئەل تىلى ئۆگىنىشنى خالىماي زېرىكىدىغان، ئۆچ بولۇپ قالىدىغان ئەھۋال كۆرۈلىدۇ. مۇھىت ۋە تەربىيە ئۇسۇلىنى ئالماشتۇرۇش مۇھىم ھالقا. كارل ۋىتىر كىچىك كارلنى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا چەت ئەل تىلى مۇھىتىغا ماسلاشتۇرغان بولۇپ، كىچىك كارل بۇ تەرتىپلىك، تەدرىجىي ئىلگىرىلەش جەريانىنى ئۆز تۇرمۇشىنىڭ بىر قىسمى دەپ بىلىپ، چەت ئەل تىلى ئۆگىنىشنى تەبىئىي جەريان دەپ بىلگەن. كېيىن كارل ئەر - خوتۇن ئەركىن - ئازادە ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ، كىچىك كارلغا چەت ئەل تىلىنى ئاز - ئازدىن ئۆگەتتى. ئۇنى ئۆگىنىشكە زورلىمىدى. كىچىك كارل چەت ئەل تىلى ئۆگىنىشنىڭ بىر خىل خۇشاللىق ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغىنىدا ئۆگىنىشكە ئۆزلۈكىدىن كىرىشىپ كەتتى.

# 1 - بۆلەك

## تىل تەربىيەسى

### 5. چەت ئەل تىلىنى خۇشال ئۆگىنىش

ئانا تىل بالىنىڭ تۇنجى تىلى، پۈتۈنلەي ئانا تىل شارائىتىدا چەت ئەل تىلى ئۆگىنىش چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. چەت ئەل تىلى ئۆگىنىش بالىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، شۇڭا چەت ئەل تىلىنى ئۆگىنىش ئىنتايىن مۇھىم. چەت ئەل تىلىنى ئۆگىنىشنى ئانا تىلغا سېلىشتۇرغاندا ھەم ئوخشاشلىق ھەم ئوخشىماسلىق بار. بالىنى چەت ئەل تىلى مۇھىتىدا تۇرغۇزۇپ، ھەر خىل ئويۇنلار ئارقىلىق بالىنىڭ قىزىقىشىنى ۋە ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاش بالىنى چەت ئەل تىلىنى ياخشى كۆرگۈزۈشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى. ياخشى چەت ئەل تىل ئاساسى كەلگۈسىدە بىر توسالغۇنى ئازايتىپ، بىر ئىقتىدارنى كۆپەيتىدۇ. كونىلار ئېيتقانكى: بىر تىلنى ئارتۇق بىلسەڭ، يېرىمناننى ئارتۇق يەيسەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بالىنىڭ چەت ئەل تىلىغا بولغان قىزىقىشىنى قوزغاش




كىچىك كارل ئالتە ئايلىق ۋاقتىدىلا كارل ۋىتېر ئەر- خوتۇن ئىنگلىز تىلى ھەرپلىرىنى ناخشا قىلىپ كىچىك كارلغا ئېيتىپ بېرەتتى. ئەلۋەتتە كىچىك كارل بۇنى چۈشەنمەيتتى. بەلكىم ئۇ بۇلارنى يەنە بىر قېتىم قورسىقى ئاچقۇچە ئۇنتۇپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن كارل ۋىتېر ئەر- خوتۇن ۋاز كېچىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان. كېيىن ئۇلار قىزىقارلىق چەت ئەل تىلى ناخشىلىرىنى تېپىپ كارلغا ئېيتىپ بەردى. ئۇزاق مەزگىل يېقىملىق چەت ئەلچە ناخشىلارنى ئاڭلاش كارلدا ئاخىر ئىنكاس پەيدا قىلدى. ئۇ غەلىتە، لېكىن قىزىقارلىق ئاۋازلارنى ياقتۇرۇپ قالدى. بەلكىم كىچىك كارل ئۇ چاغدا چەت ئەل تىلىنىڭ تاۋۇشلىرىغا كۆنۈپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. كارل ۋىتېر بالىسىنىڭ تىلى چىققاندا چەت ئەل تىلىنىمۇ قوشۇمچە ئۆگەتتى. بۇ چاغدا كىچىك كارلدا ئالاھىدە ئىقتىدار نامايان بولۇشقا باشلىدى. بەزى تاق سۆزلەرنى بىر- ئىككى قېتىم ئۆگەتسىلا توغرا تەلەپپۇز قىلالايتتى. چوقۇم ئاشۇ چەت ئەلچە ناخشىلار ئۇنىڭغا ياخشى ئاساس تىكلەپ، كىچىك كارلنىڭ چەت ئەل تىلى ئۆگىنىش جەريانىنى ئاسانلاشتۇرغان بولۇشى مۇمكىن. كىچىك كارل چەت ئەل تىلىنى خۇشاللىق بىلەن ئۆگەندى، ئۇ بەزىدە ئاتا- ئانىسىدىن ئۇ ناخشىلارنى ئېيتىپ بېرىشنى قايتا- قايتا تەلەپ قىلاتتى.




نۇرغۇن ئاتا- ئانىلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، بالىسىغا چەت ئەل تىلى ئۆگىتىش ئۇلارنىڭ چوڭ باش قېتىنچىلىقى. ئۇلار بالىسىنىڭ نېمىشقا بىر قانچە خەتنى ئارتۇق يازسىمۇ بىر قانچە سۆزنى ئارتۇق يادلاشنى خالىمايدىغانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە مۇھىت ۋە ئۆگىتىش ئۇسۇلى بالىنىڭ روھىي ھالىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئاتا تىلغا سىلىشتۇرغاندا چەت ئەل تىلى مۇرەككەپ، چۈشىنىش تەس. كۆپ ھاللاردا بالا چەت ئەل تىلى ئۆگىنىشنى خالىماي زېرىكىدىغان، ئۆچ بولۇپ قالىدىغان ئەھۋال كۆرۈلىدۇ. مۇھىت ۋە تەربىيە ئۇسۇلىنى ئالماشتۇرۇش مۇھىم ھالقا. كارل ۋىتېر كىچىك كارلنى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا چەت ئەل تىلى مۇھىتىغا ماسلاشتۇرغان بولۇپ، كىچىك كارل بۇ تەرتىپلىك، تەدرىجىي ئىلگىرىلەش جەريانىنى ئۆز تۇرمۇشىنىڭ بىر قىسمى دەپ بىلىپ، چەت ئەل تىلى ئۆگىنىشنى تەبىئىي جەريان دەپ بىلگەن. كېيىن كارل ئەر- خوتۇن ئەركىن- ئازادە ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ، كىچىك كارلغا چەت ئەل تىلىنى ئاز- ئازدىن ئۆگەتتى. ئۇنى ئۆگىنىشكە زورلىمىدى. كىچىك كارل چەت ئەل تىلى ئۆگىنىشنىڭ بىر خىل خۇشاللىق ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغىنىدا ئۆگىنىشكە ئۆزلۈكىدىن كىرىشىپ كەتتى.








# چاۋاك - چاۋاك

ماس كېلىدىغان يېشى: 1 ~ 3 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

ئاۋۋال ئانا چاۋاك چېلىپ، بالىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىدۇ. ئاندىن چاۋاكنىڭ رىتىمىغا ئەگىشىپ، بىر چەت ئەل ناخشىسىنى ئېيتىدۇ. دەسلەپتە «ئېلىپبە ناخشىسى» دەك ئاددىي ناخشىلارنى تاللاش لازىم. ناخشا ئوقۇغاندا چوقۇم تېكستى ئېنىق، تەلەپپۇزى توغرا، ئۆلچەملىك بولۇشى كېرەك، بۇ بالىنىڭ چەت ئەل تىلىنى ئاڭلاش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# دۇكانچى

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: ئالما، نەشپۈت، بانان، تاۋۇز قاتارلىق ھەر خىل مېۋىلەر

ئويناش ئۇسۇلى

بالا دۇكانچى، ئانا خېرىدار بولىدۇ. بالا مېۋىلەرنى ئالدىغا قويۇپ «مېۋە ساتىمەن، مېۋە»، دەپ توۋلايدۇ. ئانا چەت ئەللىك خېرىدار بولۇپ كېلىپ، مېۋىلەرنىڭ ئىسمىنى ئىنگلىزچە، مەسىلەن: «Apple» ئالىمەن دەيدۇ. بالا بىلەلمىسە، ئانا بۇنىڭغا ياردەم قىلسا بولىدۇ. بالا بىلگەندىن كېيىن، «Apple»، «Apple»... دەپ تەكرارلاپ ئۆگىتىمىز.



بۇ ئويۇننى ھەر خىل ئوينىغىلى بولىدۇ. مەسىلەن: قەغەزگە ئىنگلىزچە ھەرپلەرنى ياكى سۆزلەرنى يېزىپ، شۇنى سېتىلىدىغان نەرسە قىلىپ، ئويۇننىڭ تۈرىنى كېڭەيتكىلى بولىدۇ. مەسىلەن: قەغەزگە «پىكاپ»، «تىراكتور»... قاتارلىقلارنى يېزىپ، تىزىپ قويىدۇ. ئانا چەت ئەللىك خېرىدار بولۇپ كېلىپ، «car»، «tractor» ئالىمەن، دەيدۇ، بالا بىلەلمىسە ئۆگەتسە بولىدۇ.

چەت ئەل تىلىنى دەرس قاتارىدا بالىغا ئۆگەتسە، بالىدا پىسخىك بېسىم پەيدا بولۇپ، ئۆگىنىش ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. چەت ئەل تىلى ئۆگىنىشكىمۇ ئانا تىلنى ئۆگەنگەنگە ئوخشاش مۇھىت ھازىرلاپ بېرىش كېرەك. ئاتا - ئانىلار چەت ئەل تىلى ئۆگىنىشنى تەبىئىي جەريانغا ئايلاندۇرغاندىلا، بالىغا يۇقى بىلىنمەي، ئاسان ئۆگىنىۋالالايدۇ.



# ئاڭلاپ ئۆگىنىش چەت ئەل تىلى ئۆگىنىشنى تېخىمۇ ئاسانلاشتۇرىدۇ




بالىنىڭ ئاڭلاش ئىقتىدارى نىسبەتەن تەرەققىي قىلغان بولۇپ، كىچىك كارل بۆشۈكتىكى چېغىدىلا كارل ۋېتىر ئوغلىغا لاتىن تىلى ئۆگىتىشنى باشلىغان ئىدى. ئۇ بالىسىنى بىرەر قېتىممۇ سۆزلەشكە زورلىمىغان، پەقەتلا ئاڭلاتقان. كارل ۋېتىر ھەر قېتىم كىچىك كارلنىڭ كەيپىياتى ياخشى چاغدا، ئۇنىڭغا شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىپ بېرەتتى. بۇ شېئىرلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى ياخشى شېئىرلار بولۇپ، ئوقۇغۇچىمۇ، ئاڭلىغۇچىمۇ ھۇزۇر ئالالايتتى. كىچىك كارل ئاڭلاشنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇ ئاڭلاۋېتىپ ئۇخلاپ قالاتتى. ئاڭلايدىغان ياخشى مۇھىت كىچىك كارلغا ياخشى ئاساس تىكلىگەچكە، كارل لاتىن تىلىنى رەسمىي ئۆگىنىشكە باشلىغاندا قىيىن تۇيۇلمىدى، بېسىممۇ ھېس قىلمىدى. ئۇ شۇ چاغدىلا لاتىنچە شېئىرلارنى راۋان يادلاپ بېرەلەيتتى.




شاتۇتنىڭ ئاڭلاش ئىقتىدارى ياخشى بولغاچقا سۆزلىيەلەيدۇ. بالا نەرسىلەرنى پەرقلەندۈرەلمىگەن بىلەن ئۇلارنىڭ قۇلىقى ناھايىتى سەزگۈر بولىدۇ. بالا تۇغۇلغاندىن تارتىپلا ئاڭلايدىغىنى ئانا تىلى بولغاچقا، بىر يېشىدىن باشلاپلا ئانا تىلىدىكى ئاددىي سۆزلەرنى دېيەلەيدىغان بولىدۇ. چەت ئەل تىلىنى ئۆگىنىش ئۈچۈنمۇ ئوخشاش مۇھىت يارىتىپ بېرىش كېرەك. لېكىن چەت ئەل تىلى ئۆگىنىشمۇ ماسلىشىش جەريانى بولغاچقا، بالىنى سۆزلىتىشكە ئالدىراپ كەتمەسلىكىمىز، ئاڭلاش ئۈچۈن كۆپرەك ۋاقىت بېرىشىمىز كېرەك. ئاۋاز بالىنىڭ تىل سەزگۈسىنى غىدىقلايدۇ. كارل ۋېتىر ئائىلە باشلىقلىرىنى بالىغا ئۆز ئېغىزى بىلەن چەت ئەلچە سۆزلەپ بېرىشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا، بالا چەت ئەل تىلى ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىدۇ. ھەر كۈنى بالىغا ئازدۇر- كۆپتۇر چەت ئەلچە سۆزلەپ بەرسەك، ياكى چەت ئەلچە كارتونلارنى قويۇپ بەرسەك، بالا چەت ئەل تىلى ئاڭلاشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇپ، چەت ئەل تىلى ئۆگىنىشتىكى توسالغۇلىرى ئازلايدۇ ھەم پسىخىك بېسىممۇ تۆۋەنلەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com






# كۈندە ئىككى چەت ئەلچە ناخشا

ماس كېلىدىغان يېشى: 0 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

سەھەردە بالا ئويغانغاندا بالىنىڭ كەيپىياتى ناھايىتى ياخشى بولىدۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭغا بىر چەت ئەلچە بالىلار ناخشىسى قويۇپ بېرىمىز. 2~ 3 قېتىم ئاڭلىسا مۇۋاپىق. بالا ئۇخلاشتىن بۇرۇنمۇ ئۇنىڭغا بىر چەت ئەلچە ناخشا قويۇپ بېرىمىز. كۈندە ئىككى ناخشا ئاڭلاشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرىمىز.



# ئارتىس بولۇش

ماس كېلىدىغان يېشى: **0 ~ 6 ياشقىچە**

ئويناش ئۇسۇلى

ئاتا بىلەن ئانا ئاددىي، قىسقا چەت ئەلچە تىياتىرنى مەشىق قىلىدۇ. بالىنىڭ كەيپىياتى ياخشى چاغدا بالىغا ئورۇنلاپ بېرىدۇ. بالا ئازراق چوڭ بولغاندا تىياتىرغا بالىنى قوشۇۋالسا، بالىدا ھەم قىزىقىش پەيدا بولىدۇ ھەم ئۆزىنىڭ سۆزلىيەلىگەنلىكىدىن خۇشال بولىدۇ. مەسىلەن: ئەھۋاللىشىش، تونۇشتۇرۇش قاتارلىقلارنى تىياتىر قىلىپ ئوينىسىمۇ بولىدۇ.






بەزى ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىغا چەت ئەل تىلى ئۆگەتكەندە گاھى چىڭ تۇتۇۋالسا، گاھى ئىختىيارىغا قويۇۋېتىدۇ. مەسىلەن: بۈگۈن مەجبۇرىي تېكىست يادلاتسا، ئەتىسى ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمايدۇ. بۇ ئۇسۇل بالىدا تۇراقسىز كەيپىيات پەيدا قىلىدۇ، ھەم تىل ئۆگىنىش پوزىتسىيەسى يېتىلدۈرۈشكىمۇ پايدىسىز. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىنى چەت ئەل تىلى ئۆگىنىشكە ئۆلۈك ھالدا مەجبۇرلىغىنىدىن، ئۇنىڭغا ناخشا ئاڭلاتقىنى، چەت ئەلچە ناخشا، رادىيو ۋە تىياتىرلارنى ئاڭلاتقىنى كۆپ ئەۋزەل. ئاڭلاشقا ئادەتلەنسە، چەت ئەل تىلى بېسىم تۇيۇلمايدۇ.

www.uyghurkitap.com



# باللارغا گىراماتىكا ئۆگەتمەسلىك كېرەك




كارل ۋېتىر باللارغا گىراماتىكا ئۆگەتمەسلىك كېرەك، بولمىسا قايمۇقۇپ كېتىدۇ دەپ قارايدۇ. ھەر قېتىم كارل ۋېتىر كىچىك كارلغا چەت ئەل تىلىنى ئۆگەتكەندە، شۇ تىلدا كىچىك كارل بىلەن ئالاقە قىلاتتى. ئەگەر كىچىك كارل دادىسىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلمەكچى بولسا ياكى دادىسىغا بىر نەرسە دېمەكچى بولسا، شۇ خىل تىلدا دادىسىغا ئۇقتۇرۇشقا تىرىشاتتى. بولمىسا كارل ۋېتىر ئاڭلىمىغانغا سېلىۋالاتتى. بۇ ئۇسۇل كىچىك كارلنى قەيسەر قىلغاچقا، ئۇ نەچچە خىل چەت ئەل تىلىنى تېزلا ئۆگىنىۋالدى. كىچىك كارلنىڭ ۋۇجۇدىدا بىر ئوت پەيدا بولسىلا، ئۇنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقى ھەسسىلەپ ئېشىپ كېتەتتى. كارل ۋېتىر ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىسىمۇ ئۇ ئۆگىتىپ قويۇشنى تەلەپ قىلاتتى. ئانىسىدىن قانداق ئىپادىلەشنى سوراپ دادىسىغا دەيتتى. كارل ۋېتىر بالىسىنىڭ ئانىسىدىن سورىشىغا يول قوياتتى. نېمىلا دېگەن بىلەن ئۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ بىر يولىنى ئويلاپ تاپتى ـ دە! يەنە كېلىپ ئۇ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى قانداق ئىپادىلەشنىڭ يولىنى بىلىۋالغان ئىدى.




چەت ئەل تىلى ئۆگىتىشتە گىراماتىكىغا بەك ئېسىلىۋالسا، بالىنىڭ قىزىقىشى يوقاپ كېتىدۇ. ئۇلار تىلغا خۇددى ماشىنىدەك، ھېچقانداق قائىدە يوقتەك مۇئامىلە قىلىدۇ. شۇڭا گىراماتىكا ئۆگەتكەندە بالا سۆزلەشتىن بۇرۇن خاتا سۆزلەپ قويامدىم دەپ كۆپ ئويلىنىپ كېتىدۇ. مۇشۇنداق بولسا، گىراماتىكا ھەققىدە ئويلىنىشلا بالىنىڭ پۈتۈن زېھنىنى خورىتىۋېتىدۇ. تېخىمۇ كۆپ خاتا سۆزلەيدۇ. كىشىلەرنىڭ ئانا تىلدا راۋان بولۇشىدىكى سەۋەب، ئۇلارنىڭ سۆزلەشنى باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلىش جەريانىدا تەبىئىي ئۆگەنگەنلىكىدە. قارىغۇلارچە يادلىغاندىن مەشىق قىلغان ئەۋزەل. گىراماتىكىنى قارىغۇلارچە يادلىغان بىلەنمۇ چەت ئەل تىلىدا سۆزلەشتە مەشىق قىلغاندىكىدەك راۋان بولغىلى بولمايدۇ.






# چەت ئەلدىن كەلگەن تېلېفون

ماس كېلىدىغان يېشى: 4 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: ئويۇنچۇق تېلېفون

ئويناش ئۇسۇلى

ئانا، بالا رول ئالىدۇ، بىرى چەت ئەللىك بولىدۇ. ئاۋۋال تېلېفوننى ئېلىپ، ئۆگەتمەكچى بولغان تىلدا، مەسىلەن: ئىنگلىز تىلىدا پاراڭلىشىدۇ.

ئويۇننى رول، تىل ۋە ئويۇن مەزمۇنىنى ئالماشتۇرۇپ ئوينىسا بولىدۇ.



www.uyghurkitap.com

# مېھماندارچىلىق

ماس كېلىدىغان يېشى: **4 ~ 6 ياشقىچە**

ئويناش ئۇسۇلى

ئانا، دادا، بالا قاتارلىقلار ئۆيگە چەت ئەللىك مېھمان كەلگەن ئويۇننى ئوينايدۇ. رولنى ۋە مەزمۇننى ئۆزى خالىغانچە تاللاپ ئوينىسا بولىدۇ.



ئاۋۋال گىرامماتىكا، ئاندىن سۆزلەشنى ئۆگىنىش نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ نەزەرىدىكى ئاساسلىق ئۆگىنىش ئۇسۇلى، لېكىن بۇ ئۇسۇل بالىلارغا ماس كەلمەيدۇ. بالىلارنى گىرامماتىكا ئۆگىنىشكە زورلاش ئەكسىچە ئۈنۈم پەيدا قىلىدۇ. بالىلارنىڭ چەت ئەل تىلىغا قىزىقمىقى ئاسان ئەمەس. چەت ئەل تىلى بالىلارنى خۇشال قىلغاندىلا ئاندىن ئۇلارنىڭ ئۆگەنگۈسى كېلىدۇ. زېرىكىشلىك مەجبۇرلىنىش بالىلاردىكى تىل ئۆگىنىشتىن قېچىشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى.



# چەت ئەل تىلى ئۆگىنىشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇل ـ ئويۇن ئويناش



## ھېكايەت

ئويۇنغا ئامراق بولۇش بالىلارنىڭ ئەسلىي تەبىئىتى. كارل ۋىتېر بالىسىنىڭ ئويۇنغا ئامراق بولۇشىدەك تەبىئىتىنى يوقىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن، چەت ئەل تىلى ئۆگىنىشنى كىچىك ـ كىچىك ئويۇنلارغا بۆلگەن. مەسىلەن: كارل ۋىتېر «خەيرلىك كەچ» دېگەن بىر سۆزنى 13 خىل تىلدا بالىسىغا ئۆگەتكەن. ئۇنىڭ ئېسىدە چىڭ تۇتۇشى ئۈچۈن، كارل ۋىتېر 13 قونچاقنى 13 دۆلەتكە ۋەكىل قىلغان، ھەر قېتىم كارل ۋىتېر ئۇخلايدىغان چاغدا كارل ۋىتېر 13 قونچاقنى ئېلىپ، بالىسىغا «بالام، ماڭا تېخى خەيرلىك كەچ دېمىدىڭغۇ، مېنىڭ قەيەرلىك ئىكەنلىكىم ئېسىڭدىمۇ؟» دەيتتى. كارل ۋىتېرنىڭ بۇ ئويۇنى كىچىك كارلنى خۇشال قىلاتتى ـ دە، دەرھال ئىنكاس قايتۇراتتى. دادىسى كۆتۈرۈۋالغان قونچاق قايسى دۆلەتكە ۋەكىللىك قىلسا، ئۇ شۇ دۆلەتنىڭ تىلىدا «خەيرلىك كەچ» دەيتتى. ئاندىن كىچىك كارل چەت ئەل شېئىرلىرى ئىچىدە ئۇيقۇغا كېتەتتى. كارل ۋىتېر بالىسىنىڭ ئويۇنغا ئامراق، جىم تۇرمايدىغان ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ، چەت ئەل تىلى ئۆگىتىش جەريانىنى تېپىشماق تېپىش، ھېكايە سۆزلەش، قاتارلىق ئويۇنلارغا ئايلاندۇردى. كىچىك كارل ھەر قېتىمقى ئويۇندىن ھاياجانلىنىپ، سۆزلەرنى تېزلا ئۆگىنىۋالاتتى.



## بىلدۈرگۈ

كارل ۋىتېر بالىسىغا چەت ئەل تىلى ئۆگىتىش جەريانىغا نۇرغۇن ئويۇنلارنى سىڭدۈرۈۋەتكەن. بۇ كىچىك كارلنىڭ كۈچلۈك چەت ئەل تىلى ئۆگىنىش ئىقتىدارى بولۇشىدىكى ئاچقۇچلۇق ئامىل. ئويۇن بالىلارنىڭ قول سېلىپ ئىشلەش ئىقتىدارى ۋە تەپەككۇرىنى ئاشۇرۇپلا قالماي، ئويۇن ئوينايدىغان تەبىئىي ئېھتىياجىنىمۇ قاندۇرىدۇ، ئادەتتە چۈشىنىش تەس بولغان سۆز ۋە جۈملىلەرنىمۇ ئېسىدە مەھكەم ساقلىيالايدۇ. ئەگەر بالىنىڭ ئويۇنغا ئامراق پىسخىكىسى چەكلىمىگە ئۇچرىسا بالىدا ئەكسىچە تەسىر پەيدا قىلىدۇ، بۇ نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بېشىنى ئەڭ قاتۇرىدىغان ئىش. كارل ۋىتېر بالىسىغا تەلەپ خاراكتېرلىك سۆزلەرنى ناھايىتى ئاز قىلاتتى. لېكىن ئۇ ئويۇن جەريانىدا ئۆگىنىش ۋەزىپىسىنى ئوڭۇشلۇق تاماملاپ بولاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com






# كۆز، بۇرۇن ئويۇنى

ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

بالا بىلەن ئۇدۇل ئولتۇرىمىز. ئانا ئېغىزىنى تۇتسا، بالا ئېغىزىنى تۇتۇپ دەرھال ئىنگلىزچە (ياكى ئۆزى ئۆگىنىۋاتقان چەت ئەل تىلىدا) ئېغىز دەيدۇ. ئەگەر كۆزىنى تۇتسا، بالا كۆزىنى تۇتۇپ دەرھال ئىنگلىزچە (ئۆزى ئۆگىنىۋاتقان چەت ئەل تىلىدا) كۆز دەيدۇ. ئويۇن نۆۋەتلىشىپ ئوينىلىدۇ. كىم ئۇتتۇرۇپ قويسا ھېكايە ئېيتىدۇ ياكى ئالدىن بەلگىلەنگەن شەرتنى ئورۇنلايدۇ.

57 - بەتتىكى دۇكانچى ئويۇنىنى ھەر خىل شەكىلدە ئويناشنىڭ ئۈنۈمى ھەقىقەتەن ياخشى. بۇ ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ، بالىغا ھەرپ، سۆز، جۈملە قاتارلىقلارنىمۇ ئۆگەتكىلى بولىدۇ.



# ئاۋازغا ئاساسەن نەرسە تېپىش

ماس كېلىدىغان يېشى: 4 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

ئاۋۋال ئانا كۆزىنى ئېتىۋېلىپ بالىغا ھەر خىل ھايۋانلارنى دوراتقۇزىدۇ. ئانا بۇنىڭ قايسى ھايۋان ئىكەنلىكىنى تاپىدۇ (ھايۋان ئىسمىنى ئۆزى ئۆگىنىۋاتقان تىلدا دەيدۇ). ئەگەر بالا دېيەلمىسە، ئانا ئۇتقان بولىدۇ. ئەگەر ئانا قايسى ھايۋان ئىكەنلىكىنى دەپ بېرەلمىسە، بالا ئۇتقان بولىدۇ. كېيىنكى نۆۋەتتە ئىككىيلەن رول ئالماشتۇرىدۇ. ئويۇن شۇ تەرىقىدە داۋام قىلىدۇ. ئەگەر بالا ھايۋاننىڭ ئىسمىنى تېپىپ، ئىنگلىزچىسىنى دەپ بېرەلمىسە، ئانا ياردەم قىلسا بولىدۇ. ئۇتتۇرغانلار ئىنگلىزچە ناخشا ئېيتىدۇ ياكى ھېكايە سۆزلەيدۇ.




نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار چەت ئەل تىلىنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇغان بىلەن، بالىنىڭ چەت ئەل تىلىنى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىنىڭ چەكلىكلىكىنى تونۇپ يېتەلمەيدۇ. شۇڭا بالىنى چەت ئەل تىلى كۇرسلىرىغا ئاپىرىپ بېرىپ، بالىدا بېسىم پەيدا قىلىدۇ. بالا كۇرستا ماشىنىلاشقان شەكىلدە دەرس ئاڭلىسا، زېرىكىدۇ ياكى ئۆچ بولۇپ قالىدۇ. ئۆلۈك ئوقۇتۇش مېتودى بالىنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى يوقىتىدۇ، خالاس. بۇ زەنجىرسىمان ھالەتتە باشقا دەرسلىرىگىمۇ تەسىر قىلىشى مۇمكىن. شۇڭا ھەرگىز زېرىكىشلىك ئۆگىنىش يولىنى تاللىماسلىق كېرەك.

# چەت ئەل تىلى ئۆگىنىشنى ناخشىدىن باشلاش كېرەك




كارل ۋىتېرنىڭ قارىشىچە، ناخشا ئۆگىنىش ھەم ئوڭاي ھەم قىزىقارلىق بولۇپ، بالىنىڭ چەت ئەل تىلىغا بولغان قىزىقىشىنى قوزغىيالايدۇ. كارل ۋىتېر ئوغلىغا چەت ئەل تىلى ئۆگىتىشنى ناخشىدىن باشلايتتى. ئەمەلىيەت كارل ۋىتېرنىڭ قىلغىنىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى. ھەر قېتىم كارل ۋىتېر ئوغلىغا ناخشا ئوقۇپ بەرگەندە ياكى شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىپ بەرگەندە، كىچىك كارل پۈتۈن زېھنى بىلەن ئاڭلايتتى. كارل ۋىتېر ئوغلىغا شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىشنى ئېيتسا، ئۇ دادىسىنى دوراپ دېكلاماتسىيە قىلاتتى. شېئىرنىڭ رىتىمى ۋە ناخشىنىڭ ئۇدارىغا ئەگىشىپ، كىچىك كارل بىلىپ- بىلمەيلا ئۇ تىلنىڭ قائىدىسىنى بىلىپ قالاتتى.




شېئىرنىڭ رىتىمى، مەزمۇنى چوڭلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى لەرزىگە سېلىپلا قالماستىن، بالىلارغىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەيلى قايسى دۆلەتنىڭ شېئىرى بولسۇن، كىشىگە ھۇزۇر بېرىدۇ. شۇڭا زېرىكىشلىك تېكىستلەرگە سېلىشتۇرغاندا شېئىرنى بالا ئاسان قوبۇل قىلالايدۇ. شېئىر دېكلاماتسىيە قىلغان ئادەمنىڭ ھەرىكىتى ۋە چىراي ئىپادىسى بالىنى جەلپ قىلىپ، ئۇنىڭدا قىزىقىش ۋە ھەيرانلىق پەيدا قىلىدىغان بولغاچقا، ئۆگەنمەك تېخىمۇ ئاسان بولىدۇ. شۇڭا كارل ۋىتېر چەت ئەل تىلى ئۆگىتىشنى شېئىردىن باشلايتتى.




# ناخشا ئېيتىش

ماس كېلىدىغان يېشى: 4 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

ياخشى بالىلار ناخشىسىدىن بىرنى تاللاپ، ئاتا، ئانا، بالا قاتارلىقلار رول ئېلىپ، ناخشىنى بۆلەكلەرگە بۆلۈپ ئوقۇيدۇ. بالىنى ماختاپ تۇرۇش كېرەك. ئويۇن مۇشۇ تەرىقىدە رول ئالماشتۇرۇپ، ناخشا ئېيتىلىپ داۋام قىلىدۇ. كەمچىلىكلەرنى ئۆز ئارا تولۇقلىسا بولىدۇ.



www.uyghurkitap.com

# مسرا تېپىش ئويۇنى

ماس كېلىدىغان يېشى: 4 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

بالا ئۆگەنگەن ياكى ئۆگىنىۋاتقان شېئىردىن بىر مىسرا ئوقۇپ، بالىغا شېئىرنىڭ ماۋزۇسىنى تاپقۇزىمىز. بالا تېپىۋالسا ماختايمىز ۋە يەنە بىرنى ئالماشتۇرۇپ سورايمىز. ئۇنىڭدىن باشقا، مەلۇم شېئىرنىڭ بىز بىر مىسراسىنى ئوقۇپ، بالىدىن داۋاملاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلساقمۇ بولىدۇ. ئويۇن داۋامىدا رول ئالماشتۇرۇپ ئويناش، جاۋابنى قەستەن خاتا دېيىش ياكى «ئۇنتۇپ قېلىش» ئارقىلىقمۇ، بالىدىن توغرا جاۋابنى ئاڭلاش كېرەك. بۇ بالىنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى ئاشۇرىدۇ. بۇ ئويۇندا شېئىرنىڭ ئورنىغا ماقال ـ تەمسىللەرنى ئالماشتۇرساقمۇ بولىدۇ.





ئادەتتە ئاتا ـ ئانىلار چەت ئەلچە شېئىرلارنى دېكلاماتسىيە قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك. بالىغا نىسبەتەن شېئىر ئاڭلاشنىڭ چەت ئەل تىلى ئۆگىنىشكە نىسبەتەن تەسىرى چوڭ بولىدۇ. بالا قىزىققان چاغدا ئاندىن بالىغا ئۆگىتىشنى باشلاش كېرەك، بولمىسا، بالا رەت قىلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىش پسىخكىسى يېتىلىپ قېلىشى مۇمكىن.



# بىر ھېكايىنى ئوخشىمىغان تىللاردا ئوقۇش




كارل ۋېتىر ئوغلىغا ھېكايە ئېيتىپ بەرسە، كىچىك كارل دائىم دادىسىغا: «بۇ ھېكايىنىڭ لاتىنچىسىنى ئاڭلىغۇم بار» دەيتتى. كارل ۋېتىر لاتىنچىنى ئوقۇپ بەرسە، كىچىك كارل يەنە: «گېرمانچىسىنى ئاڭلىساق قانداق بولار؟» دەيتتى. كارل ۋېتىر بىر ھېكايىنى ھەر خىل تىلدا ئوقۇپ بېرىش بالىسىنىڭ چەت ئەل تىلى ئۆگىنىشىگە پايدىلىق دەپ قارايتتى. كىچىك كارلمۇ بىر ھېكايىنى لاتىنچە، ئىنگلىزچە، گېرمانچە، ئىتالىيانچە، گرېكچە ھەر خىل تىللاردا تەكرار ئاڭلاشنى ياخشى كۆرەتتى. كارل ۋېتىر ئوغلىنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكى بويىچە، ئوخشاش بىر ھېكايىنى ئوخشىمىغان تىللاردا ئوقۇپ بەردى. كارل ۋېتىر ئەر- خوتۇن كىچىك كارلنىڭ چەت ئەل تىلى سەۋىيەسىنىڭ تېز ئاشقانلىقىدىن بەك خۇشال بولاتتى.




بىر ھېكايىنى ئوخشىمىغان تىللاردا ئوقۇش قىزىقارلىق بولۇپلا قالماي، بالىغا ھەر خىل تىللارنىڭ پەرقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ، ھەم تىلغا بولغان سەزگۈسى ئاشىدۇ. شۇنداقلا، بالىنىڭ ئىنكاس قايتۇرۇش ۋە ھەر خىل تىللارنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىنى مەشىقلەندۈرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com






# چەك تارتىش

ماس كېلىدىغان يېشى: 4 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: كىچىك تاياقچە

ئويۇن ئۇسۇلى

بالا قانچە خىل تىل بىلسە، بىر قانچە قەغەزگە شۇ تىللارنىڭ ئىسمىنى قەغەزگە يېزىپ، چەك تارتقۇزىمىز. بالا قايسى تىلنى تارتسا، شۇ تىلدا بىر ھېكايە سۆزلەيدۇ. ئاندىن بىزگە نۆۋەت كېلىدۇ. ئەگەر كىم ھېكايە سۆزلەپ بېرەلمىسە، شۇ ئۇسسۇل ئويناپ بېرىدۇ.





# ئارىلاشما نومۇر كۆرسىتىش



ماس كېلىدىغان يېشى: 1 ~ 6 ياشقىچە

ئويۇن ئۇسۇلى:

دادا، ئاپا ۋە بالا ئۈچىسى ھەربىرى بىر خىل تىلنى تاللاپ بىرلىشىپ قىزىقارلىق نومۇر ئورۇنلايدۇ.

ئۈچەيلەن مۇشتۇم - شاپىلاق ئويناپ، يېڭىۋالغان تەرەپ ئۆزىنىڭ رولىنى تاللايدۇ.

ئورۇنلاش جەريانىدا. دادا بىلەن ئاپا چوقۇم رولغا تولۇق كىرىشى كېرەك. گەرچە ھەممە ئادەمنىڭ تىلى ئوخشاشمىسىمۇ لېكىن سۆزلەرنى ئامال بار ئېنىق قىلىشى كېرەك، ھەمدە بالىنىڭ رولىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوينىشى ئۈچۈن ئازراق ئەسكەرتىش بېرىشى كېرەك.



ئاتا - ئانىلار بالىنى چوقۇم بىر نەچچە خىل تىل بىلىشكە زورلىماسلىق كېرەك. تۇرمۇشتا بالىنى باشقا تىللار بىلەن كۆپرەك ئۇچراشتۇرۇپ، قايسىنى ئۆگىنىشنى بالا ئۆزى تاللىغاندىن كېيىن، شۇنى ئاستا ئۆگەتسە بولىدۇ. بالىنى كۆپ خىل تىلدا ھېكايە سۆزلەشكە قىزىقتۇرۇش تىل ئۆگىنىشتىكى ياخشى ئۇسۇل، ئاتا - ئانىلار بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن بالىسىغا: «بالام بۇ ھېكايىنى ئىنگلىز تىلىدا ئاڭلاپ باقامسىز، بۇنى ئىنگلىز تىلىدا سۆزلىسە بەك قىزىقارلىق بولىدۇ» دېسەك بولىدۇ. بالا ئويۇن خاراكتېرىدىكى قىزىقارلىق نەرسىلەرنى ناھايىتى ئاز رەت قىلىدۇ، مۇشۇ ئارقىلىق بالىنى چەت ئەل تىلى ئۆگىنىشكە قىزىقتۇرغىلى بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# 2 - بۆلەك

# ئىقتىدار تەربىيەسى

## 1. ھەممە ئادەمدە يوشۇرۇن ئىقتىدار بولىدۇ

ھەربىر بالا تالانت ئىگىسى بولالايدۇ، چۈنكى ھەممە ئادەمدە چەكسىز تۇغما ئىقتىدار بولىدۇ، لېكىن ئۇ يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ئەگەر بالا ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا ئۇنىڭدىكى يوشۇرۇن ئىقتىدار ئەڭ چوڭ دەرىجىدە قېزىلسا ئۇنداقتا ئۇ «تالانت ئىگىسى» گە ئايلىنىدۇ. بولمىسا ئادەتتىكى ئادەم بولىدۇ. ھەربىر يوشۇرۇن ئىقتىدارنىڭ ئاچىدىغان ئەڭ ياخشى مەزگىلى بولىدۇ، ئۇ بولسىمۇ سەزگۈر مەزگىلى، ئەگەر بالا ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان سەزگۈر مەزگىلدە مۇناسىۋەتلىك تەلىم - تەربىيەگە ئېرىشەلمىسە، ئۆگىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى مەزگىلىدىن مەھرۇم قالغان بولىدۇ.





# بالىڭىزنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇڭ



### هېكايەت

كارل ۋېتىر ئەر - خوتۇن تۇغۇلىدىغان بالىسىنىڭ كەمتۈك بولۇپ قالىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇلارنىڭ بىرىنچى بالىسى كىچىك چېغىدىلا ئۆلۈپ كەتكەن بولغاچقا، بۇ بالىسىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن ئىدى. كىچىك كارل تۇغۇلغاندىن كېيىن ئىككىلىسى قاتتىق ئازابلاندى. بىر قېتىم ئايالى كارل ۋېتىردىن: «تەگرى نېمىشقا مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرىدۇ؟ نېمىشقا بىزگە ئەقلى ئاجىز بالا بېرىدۇ؟ مۇشۇنداق قىلسا ئادىل بولامدۇ؟» دەپ سورىغان ئىدى.

كارل ۋېتىر ئايالىغا: «مېنىڭ بۇ بەختسىزلىكنى ئۆزگەرتىشكە ئامالىم يوق، لېكىن مەن بالىمىزدا بار يوشۇرۇن ئىقتىدارنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇشقا تىرىشىمەن. ئۇ هازىر باشقا بالىلاردەك چېچەن ئەمەس، لېكىن هامان بىركۈنى باشقا بالىلاردىن ئېشىپ كېتىدۇ. بالا ئادەتتىكىچە بولسىمۇ، تەربىيە ئارقىلىق ئۇنى كاتتا ئادەم قىلغىلى بولىدۇ. باشقىلار دەيدىغان «تۇغما تالانتلىق» بالىلار قازىنىدىغان ئۇتۇقنى قازىنالايدۇ. بىز كىچىك كارلنى ياخشى تەربىيەلىسەكلا، ئۇ ئۆزىدىكى يوشۇرۇن تالانتنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، باشقا بالىلاردىن، بارلىق كىشىلەردىن ئېشىپ چۈشىدۇ. ئۇ چوقۇم گېرمانىيەدىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر تالانت ئىگىسى بولالايدۇ» دېگەن ئىدى.



### بىلدۈرگۈ

ھەممە ئادەمدە تۇغۇلۇشىدىنلا يوشۇرۇن ئىقتىدارى بولغان بولىدۇ، بۇ يوشۇرۇن ئىقتىدار دەل بىز دەۋاتقان تالانت. كارل ۋېتىر يوشۇرۇن ئىقتىدارنى تولۇق جارى قىلدۇرالىغاندىلا، ئەقلىي قابىلىيىتى ئادەتتىكىچە ئادەم بولسىمۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدۇ، تالانتلىق ئادەم بولالايدۇ دەپ قارايتتى.

ئادەمنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارى قانچە بۇرۇن ئېچىلسا شۇنچە ياخشى. بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن، سىرتقى مۇھىت بىلەن ئۇچرىشىش ۋە ئۇنىڭغا ماسلىشىش جەريانىدا، بىلمى ئۇزۇكسىز ئاشىدۇ، ھەم ياشاش ماھارىتىنى ئۆگىنىدۇ. شۇڭا تۇغۇلۇشىدىنلا ئەقلىلىق بولۇشقا سېلىشتۇرغاندا، يوشۇرۇن ئىقتىدارنى ئېچىش تېخىمۇ مۇھىم. ياخشى تەربىيە ئارقىلىق بالىنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى تولۇق ئاچقىلى بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com






## ئۆزىنى تونۇتۇش



ماس كېلىدىغان يېشى: 0 ~ 1 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

بالىنىڭ قولى، پۇتىنى پۇلاڭلىتىپ، ئالىقىنى ۋە تاپىنىنى قىچىقلاپ، بالىنى ئۆزىمىزنىڭ پۇت ـ قولىغا دىققەت قىلغۇزىمىز ياكى ئەينەك ئالدىدا بالىغا ئۆزىنىڭ قول، پۇتىنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭغا: «بۇ قول، بۇ پۇت» دېسەك بولىدۇ. بالىغا چاۋاك چالدۇرۇش، پۇتىنى كۆتۈرۈش ھەرىكەتلىرىنى ئىشلىتىپ، ئەينەكتىكى قىياپىتىنى كۆرسەتكۈزىمىز.

يېشىغا توشمىغان بالىلارنىڭ ئەتراپتىكى مۇھىتقا دىققەت قىلىشقا باشلىغان مەزگىلى ئۆزىنى ۋە ئەتراپتىكى نەرسىلەرنى تونۇشنى باشلىغان مەزگىلى. بالىغا پۇت ـ قول قاتارلىق ئەزالىرىنى تونۇتقۇزۇش بەدىنىنى تونۇتۇشنىڭ باشلىنىشى بولۇپ، بۇ ئەڭ دەسلەپكى «ئۆزى» ھەم كىشىلىك ھاياتتىكى «ئۆزى» نى تونۇشنىڭ دەسلەپكى ئاساسى.

# بۆبۆش كەلدى

ماس كېلىدىغان يېشى: 0 ~ 2 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

1. كۆزىمىزنى چەكچەيتىپ، ئىككى قوۋۇزىمىزنى كۆپتۈرۈپ، بالىنىڭ ئىككى قولىنى قوۋۇزىمىزنىڭ ئۈستىگە قويغۇزۇپ، ئاستا باسىمىز، ئاندىن يەلنى ئاستا ـ ئاستا چىقىرىمىز.

2. بالىغا بۇرنىمىزنى باسقۇزىمىز، بۇرۇننى باسقاندا قورۇقچىلارنى پەيدا قىلىپ، چىرايىمىزنى پۈرۈشتۈرىمىز.

3. بالىغا قاراپ، تىلىمىزنى چىقىرىپ، بالىنىڭ ئىنكاسىنى كۈزىتىمىز، تىلنى چىقارغان چاغدا سۈرئەتنىڭ ئاستا بولۇشىغا دىققەت قىلىش، بالىنىڭ تىلنى چىقارغان جەريانىنى تەپسىلىي كۆرۈپ، تەقلىد قىلىپ ئۆگىنىشكە يېتەكلەش كېرەك.

4. بالىنى قىچىقلايمىز، بالا كۈلگىنىچە ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. بىر ئاز توختاپ، بالا يەنە ئۆزىنى قىچىقلىشىنى ئارزۇ قىلغاندەك ئىپادە بىلدۈرگەندە يەنە قىچىقلايمىز.

بالا كىچىك بولغاچقا بالىنىڭ دىققىتىنى تارتىشىمىز كېرەك. بالىغا بۇ ئويۇندىن خۇشاللىق ھېس قىلغۇزۇشىمىز، ھەم بىز قىلغان ھەرىكەتنى سىناپ باققۇزۇشىمىز كېرەك.



# ئاۋازلىق ئويۇنلارنى ئويناش

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ئايلىقتىن 1 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: رەڭگى كۆركەم، ئاۋاز چىقىرالايدىغان ئويۇنچۇقلار

ئويناش ئۇسۇلى



بالىنىڭ كارىۋىتىنىڭ بېشىغا بالا قولىنى سوزۇپ ئالالايدىغان يەرگە رەڭگى كۆركەم، ئاۋاز چىقىرالايدىغان ئويۇنچۇقلارنى قويۇپ قويىمىز، مەسىلەن: شامال قوڭغۇرىقى، تاڭگىراك قاتارلىقلار. بالا دىققەت قىلمىسا بىز ئويۇنچۇقنى سىلكىپ، ئاۋاز چىقىرىپ بالىنىڭ دىققىتىنى تارتىمىز.

بۇ ئويۇننىڭ مەقستى بولسا بالىنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ئاكتىپچانلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش. بالىنىڭ كەيپىياتى ئەڭ ياخشى ۋاقىتنى تاللىساق ياخشى.



بالىلارنىڭ تۇغۇلغاندىن تارتىپ ئۈچ ياشقىچە بولغان مەزگىلى مېڭىسىنىڭ ئەڭ تېز يېتىلىش مەزگىلى، شۇنداقلا بەدەننىڭ ھەر تۈرلۈك فۇنكسىيەسى ۋە پسىخىك تەرەققىياتىنىڭ ئاچقۇچلۇق مەزگىلى. بۇ ياشتىكى بالىلار غىدىقلىنىشقا ئەڭ سەزگۈر كېلىدۇ. بۇ ئاساس سالىدىغان باسقۇچتا ئەگەر ئاتا- ئانىلار بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن بالىنى تەربىيەلىسە، ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلالىسا، يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى ئەڭ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرغىلى، بالىنى «تالانت ئىگىسى» قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىقىلى بولۇشى مۇمكىن.



# بالىنىڭ ئالتۇن دەۋرىنى ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىك كېرەك




ئەنگلىيەلىك كىنەز سىكوت ئەر- خوتۇنلارنىڭ ئوغلى تۇغۇلۇپ، كۆپ ئۆتمەيلا، ئوغلىنى ئېلىپ، ساياھەت قىلغىلى مېڭىپتۇ. ئۇلار ئولتۇرغان كېمە قاتتىق بوران سەۋەبىدىن بىر ئادەمزاتسىز، قاقاس ئارالغا چىقىپ قاپتۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئەر- خوتۇن كېسەل سەۋەبىدىن ئارقا - ئارقىدىن ئۆلۈپ كېتىپ، ئوغلى يالغۇز قاپتۇ، ئۇ چاغدا، بۇ بالا ئاران نەچچە ئايلىق بولغان ئىكەن. ئارالدىكى ئورانگۇتان بۇ بالىنى بېقىپ چوڭ قىپتۇ. 20 يىلدىن كېيىن كىشىلەر ئادەمزاتسىز بۇ ئارالدا ئۇ بالىنى يەنى كىچىك سىكوتنى بايقاپتۇ، ئۇ ئورانگۇتاندەك چاققانلىق بىلەن يامىشىپ، سەكرىيەلەيدىكەن، ئەمما ئىككى پۇتىدا ماڭالمايدىكەن، بىر جۈملە سۆزنىمۇ قىلالمايدىكەن.

كىشىلەر ئۇنى ئەنگلىيەگە قايتۇرۇپ ئەكەپتۇ، ئالىملار ئۇنىڭغا بالىغا ئۆگەتكەندەك مېڭىشنى، سۆزلەشنى ئۆگىتىپتۇ، ئۇن يىل ۋاقىت سەرپ قىلغان بولسىمۇ ئۈنۈمى ئۇنچە چوڭ بولماپتۇ، ئۇ بىر جۈملىنىمۇ باغلاشتۇرۇپ سۆزلىيەلمەيدىكەن، بىر گەپ قىلماقچى بولسا يەنىلا ئورانگۇتاندەك ھۆركىرەيدىكەن.




بالىلىق مەزگىل بالىغا ھەر خىل ئىقتىدارلارنى ئۆگىتىدىغان سەزگۈر مەزگىل. ئەگەر بۇ ۋاقىتنى قولدىن بېرىپ قويساق، بالىنىڭ بەزى ئىقتىدارلىرى مەڭگۈلۈك يوقىلىدۇ. كىچىك سىكوتنىڭ تىل چىقىدىغان ئەڭ مۇھىم مەزگىلى ئۆتۈپ كەتكەچكە ، يەنى بالىلىق مەزگىلى ئورانگۇتان بىلەن بىللە ئۆتۈپ كەتكەچكە، ئۇنىڭدا بۇ ئىقتىدار مەڭگۈلۈككە يوقالغان.

ئىنسانلاردىكى يوشۇرۇن ئىقتىدار ياشنىڭ ئېشىشى بىلەن تۆۋەنلەيدۇ، ياش قانچە چوڭ بولسا، يوشۇرۇن ئىقتىدارنىڭ ئېچىلىش ئېھتىماللىقى شۇنچە تۆۋەن بولىدۇ. ھازىر نۇرغۇن تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، كىشىلەر يوشۇرۇن ئىقتىدارنىڭ تەرەققىي قىلىش دەۋرىنى قولدىن بېرىۋېتىپ، ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالغۇسىز زىيانغا ئۇچرايدىكەن. مەسىلەن: ھايۋانلار بىلەن بىللە چوڭ بولغان بالىلار كېيىن ئۇزۇن ۋاقىت تەربىيەلەنسىمۇ، تىل، ھەرىكەت جەھەتلەردە نورمال ئادەملەرنىڭ ئۆلچىمىگە يېتەلمەيدىكەن، ئەقلىي ئىقتىدارىمۇ ئۈچ- تۆت ياشلىق بالىلارنىڭكىدەك بولىدىكەن.

www.uyghurkitap.com






# قەغەزدىن ئۇششاق قەغەز پارچىلىرىنى ياساش

ماس كېلىدىغان يېشى: 1 ~ 2 ياشقىچە


كېرەكلىك نەرسىلەر: ئاسان يىرتىلىدىغان قەغەز، ئىككى تال چوڭراق سولياۋ قۇتا

ئويناش ئۇسۇلى

1. سولياۋ قۇتا ۋە قەغەزنى كارىۋاتنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، بالىنى سولياۋ قۇتىنىڭ يېنىغا ئولتۇرغۇزىمىز، بۇ ياشتىكى بالىلار ئۇزۇن ۋاقىت مۇقىم ئورۇندا ئولتۇرالمايدىغان بولسىمۇ، يەنىلا بالىنى ئولتۇرغۇزۇپ ئويناتقان بىر قەدەر ياخشى.

2. بالىغا: « بۇ قەغەزنى يىرتقىلى ئەكەلدىم، سەن ئۇنى يىرتىپ، قانچە تال قىلالايسەنكىن؟ بىز ساناپ باقايلى!» دەيمىز.

3. بالا دەسلەپتە قانداق قىلىشنى بىلمەسلىكى مۇمكىن، ئاتا ـ ئانىلار ئالدى بىلەن بالىغا ئۈلگە كۆرسىتىپ بېرىشى كېرەك، بالىنىڭ تىل ئىقتىدارىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن، تەسۋىرلەش خاراكتېرىدىكى بەزى سۆزلەرنى، مەسىلەن: يىرتىش، قاتلاش، چوڭ، كىچىك دېگەندەك سۆزلەرنى سۆزلەپ تۇرۇش كېرەك.



4. بالىنى قەغەز يىرتىشقا ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك. سىز كۆرسەتكەن ئۇسۇلدا يىرتمىساي، ئۆزى بىلگەنچە يىرتسىمۇ، ھەم يىرتىلغان قەغەز پارچىلىرىنى يېنىدىكى قۇتىغا سالمىسىمۇ ئالدىرىماسلىق كېرەك، بالا قەغەزنى يىرتالىسىلا بولىدۇ.

5. بالىلار كىچىك چېغىدا قەغەز يىرتىشتەك ئويۇنلارغا ئامراق بولىدۇ. ھەتتا يىرتىلغان قەغەز پارچىلىرىنى گۈل بەرگىلىرىنى چاچقاندەك، ھەممە يەرگە چېچىۋېتىدۇ. بۇ بالىنىڭ سەزگۈر مەزگىلى بولۇپ، بالىلارنىڭ سۇ، لاي قاتارلىقلارنى ئويناشقا ئامراق بولغىنىدەك ئىش، شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار توسۇماسلىقى كېرەك.

# يول بويلاپ تېز مېڭىش

ماس كېلىدىغان يېشى: **2 ~ 6** ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

بالا بالىلىق دەۋرىنىڭ مەلۇم مەزگىلىدە، بولۇپمۇ ئىككى - ئۈچ ياش ۋاقتىدا، يول ماڭغاندا يولنىڭ ياكى گۈللۈكنىڭ گىرۋىكىدە مېڭىشنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ. ئاتا - ئانىلار بالىنىڭ يىقىلىپ چۈشۈشىدىن ئەنسىرەپ بالىنى توسىدۇ، بۇ بالىنىڭ يەنە بىر خىل سەزگۈر دەۋرى بولۇپ، بۇ تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتى.



ئاتا - ئانىلار بالىنى ئېلىپ سەيلىگاھقا ئاپىرىپ تەڭپۇڭ ياغاچتا ماڭغۇزسا ياكى بالىنى يېتىلەپ پىيادىلەر يولىدىكى قاشادا ماڭغۇزسا بولىدۇ، ئەگەر بالا ئاتا - ئانىسىنىڭ يېتىلەپ مېڭىشىنى رەت قىلسا، ئۇنداقتا ئاتا - ئانىسى بالىنىڭ يېنىدا بالىغا قاراپ، ئۇنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلسىلا بولىدۇ.

بالىنىڭ يالغۇز مېڭىشنى تاللىشى ئۇنىڭدا مۇستەقىللىق ئېڭىنىڭ يېتىلىۋاتقانلىقىنىڭ ئىپادىسى، ئاتا - ئانىلار بالىغا ئىلھام بېرىشى، ئەيىبلىمەسلىكى كېرەك.



بالىلارنىڭ بالىلىق مەزگىلىدە توققۇز قېتىملىق سەزگۈر دەۋرى بولۇپ، ئاتا - ئانىلار بۇلارنى تولۇق بىلگەندىلا، ئاندىن بالىنىڭ سەزگۈر مەزگىلىنى چىڭ تۇتۇپ تەربىيىلەيدۇ، ئاز كۈچ بىلەن كۆپ ئۈنۈم يارىتالايدۇ. بۇ توققۇز سەزگۈر مەزگىلى ئايرىم ھالدا: تىلغا سەزگۈر دەۋر ( **1 ~ 6** ياش)، تەرتىپكە سەزگۈر دەۋر (**2 ~ 4** ياش)، سەزگۈ ئەزالىرى سەزگۈر دەۋر (**0 ~ 6** ياش)، ھەرىكەتكە سەزگۈر دەۋر (**0 ~ 6** ياش)، مىكرو شەيئىلەرگە بولغان قىزىقىش دەۋرى ( **1.5 ~ 4** ياش)، ئىجتىمائىي ئۆلچەمگە سەزگۈر دەۋر (**2.5 ~ 6** ياش)، يېزىشقا سەزگۈر دەۋرى (**4.5 ~ 5.5** ياش)، مەدەنىيەتكە سەزگۈر دەۋر (**6 ~ 9** ياش).

# يوقلىپ كېتىدىغان يوشۇرۇن ئىقتىدار




مەيلى ئادەم ياكى هايۋانلار بولسۇن، ئەگەر مەلۇم ئىقتىدارنى ئۆگىنىدىغان مەزگىلنى ئۆتكۈزۈۋەتسە، بۇ خىل قابىلىيەتنى كېيىن ئۆگىنەلمەيدۇ، بولۇپمۇ بالىلارنىڭ ئۈچ ياشتىن بۇرۇنقى دوراش ئىقتىدارىنى كېيىن ئۆگىنەلمەيدۇ. چۈجىنىڭ «ئانىسىنى ئەگىشىش ئىقتىدارى» نىڭ تەرەققىي قىلىش مەزگىلى تەخمىنەن تۇخۇمدىن چىقىپ، سەككىز كۈن ئىچىدە بولىدۇ. ئەگەر بۇ مەزگىل ئىچىدە چۈجە ئانىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمىسا، كېيىن ئۇ ئانىسىنىڭ ئاۋازىنى پەرقلەندۈرەلمەيدۇ؛ كۈچۈك ئېشىپ قالغان يېمەكلىكنى تۇپىغا كۆمۈپ، يوشۇرۇپ قويىدۇ، بۇ خىل يوشۇرۇن ئىقتىدارنىڭ يېتىلىشىنىڭمۇ بەلگىلىك مەزگىلى بولىدۇ، ئەگەر بۇ مەزگىلدە كۈچۈك سولاپ قويۇلسا، ئۇنىڭ يېمەكلىكنى يوشۇرۇپ قويۇش يوشۇرۇن ئىقتىدارى مەڭگۈلۈك يوقلىدۇ.

يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق چىرايىنى پەرق ئېتەلمەيدۇ، چىرايلار ئارىسىدىن ئانىسىنى پەرقلەندۈرەلمەيدۇ، پۈرىقىدىن پەرقلەندۈرەلەيدۇ. ئەمما 4 ~ 5 ئايلىق بولغاندا، ئۇ ئانىسى بىلەن باشقىلارنىڭ چىرايىنى پەرق ئېتەلەيدىغان بولىدۇ، يەنى «ئادەم تونۇيالايدۇ»غان بولىدۇ. بالىنىڭ چىرايلار ئىچىدىن ئانىسىنى تونۇش ئىقتىدارى ئۇنىڭ قايتا ـ قايتا كۆزىتىشى ھەم مېڭىسىدە ئانىسىنىڭ چىرايىنى تونۇشنىڭ شەكىللەنگەنلىكىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى.



ئۈچ ياشتىن بۇرۇنقى مەزگىل بالىنىڭ يېتىلىشىدىكى ھالقىلىق مەزگىل. بۇ مەزگىلدىكى بالىنىڭ پەرقلەندۈرۈش ۋە شەيئىلەرنى تونۇش ئىقتىدارىنى چوڭلار قىلىمەن دەپمۇ قىلالمايدۇ. بۇ ۋاقىتتا بالىنىڭ مېڭىسى ئاق قەغەزدەك بولۇپ، چوڭلار تەستە چۈشىنىدىغان ياكى ھېس قىلالمايدىغان ئىقتىدار هازىرلىغان بولۇپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە پۈتۈن ئەندىزىلەرنى ئىگىلىيەلەيدۇ. بالىنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. بۇ ياش مەزگىلىدىكى بالىلارغا « ئەندىزە مائارىپى» ئۇسۇلى بىر قەدەر ماس كېلىدىغان بولۇپ، رەسىم، مۇزىكا، تىل، يېزىق قاتارلىق بىلىملەرنى ئۆگىتىش مۇۋاپىق كېلىدۇ.

بالىغا بىلىم خاراكتېرلىك نەرسىلەرنى ئۆگەتكەندىن باشقا، يەنە كىشىلىك ھاياتنىڭ ئاساسلىق ئۆلچەم ۋە مۇناسىۋەتلىرىنى ئۆگەتكەندە، ئۇلارنىڭ توغرا كىشىلىك قاراش ۋە قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزۇشىغا ياردىمى بولىدۇ. ئۈچ ياشقا كىرمىگەن بالىلار ياخشى ـ يامانىنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى هازىرلىمىغان بولىدۇ، ئاتا ـ ئانىلار بالىنىڭ ناچار تەسىرگە ئۇچراپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، توغرا ئەندىزىدە ياخشى ـ يامان چۈشەنچىسىنى ئۆگىتىش كېرەك.



www.uyghurkitap.com








# پۇلاڭلىتىپ بېقىش

ماس كېلىدىغان يېشى: 7 ~ 10 ئايلىققىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: قوڭغۇراق

ئويناش ئۇسۇلى

بالىنىڭ كەيپىياتى ياخشى ۋاقىتتا قوڭغۇراقنى ئېلىپ، ئۇنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىمىز. ئاندىن قوڭغۇراقنىڭ قول بىلەن تۇتىدىغان ئورنىنى كۆرسىتىپ بېرىمىز. قوڭغۇراقنى قويۇپ قويساق، بالا ئۆزى ئالىدۇ.



ئەگەر بالا قوڭغۇراقنى تۇتالمىسا ياكى قانداق ئويناشنى بىلمىسە، بالىغا ئۈلگە قىلىپ كۆرسىتىپ قويىمىز.

بۇ مەزگىلدىكى بالىلار باشقىلارنىڭ ھەرىكىتىنى دوراش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ قول ھەرىكىتىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ، بالا دوراشنى قانچە بالدۇر ئۆگەنسە شۇنچە ياخشى، بالىنىڭ يېشى قانچە كىچىك بولسا يوشۇرۇن ئىقتىدارى شۇنچە ياخشى بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# قايسىسى ئانامدۇ؟

ماس كېلىدىغان يېشى: 1 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: ئۆيدىكىلەرنىڭ رەسىمى

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئالدى بىلەن بىر ـ ئىككى ئادەم بىلەن بىللە چۈشكەن سۈرەتلەرنى ئېلىپ، بالىغا ئانىسى ياكى دادىسىنى تونۇتۇپ باقىمىز. ئەگەر تونۇيالىسا: «بالام ھەقىقەتەن ئەقىللىق!» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ماختايمىز.

2. قىيىنلىقنى ئاشۇرۇپ، جىقراق ئادەم بىللە چۈشكەن سۈرەتتىن ئانىسى ياكى دادىسىنى تونۇتۇپ باقىمىز.

3. ئۇخشىمىغان يىللاردا چۈشكەن سۈرەتلەر ئىچىدىن ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرىنى، مەسىلەن: ئاتا ـ ئانىسى، بوۋا ـ مومىسى، تاغا ـ ھاممىسى قاتارلىقلارنى تونۇتۇپ باقىمىز، بالا تونۇيالىسا، ماختاپ تۇرىمىز.





بالا بۇ دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن ئەڭ بۇرۇن ئېسىدە ساقلىيالايدىغىنى ئانىسىنىڭ چىرايى، ئەمەلىيەتتە بالا تۇغۇلۇش بىلەنلا چىرايغا قىزىقىشقا باشلايدۇ. بالىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ھەرىكەتلىنىدىغان كۆز، بۇرۇن، ئېغىز قاتارلىقلار بالىنىڭ دىققىتىنى ئەڭ تارتىدۇ. تەتقىقاتلاردا ئىسپاتلىنىشىچە، بالىلارنىڭ چىرايىنى تونۇش ۋە ئەستە ساقلاش ئىقتىدارى چوڭلارنىڭكىگە قارىغاندا يۇقىرى بولىدۇ. كۆرۈش سەزگۈسى تەرەققىي قىلىپ ئانىسىنى كۆرەلەيدىغان بولغاندا، ئانىسىنىڭ چىرايىنى مېڭىسىدە ساقلىۋېلىپ، ئانىسىنى باشقىلارنىڭ چىرايىدىن پەرقلەندۈرەلەيدۇ.








# پۇلاڭلىتىپ بېقىش

ماس كېلىدىغان يېشى: 7 ~ 10 ئايلىقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: قوڭغۇراق

ئويناش ئۇسۇلى



بالىنىڭ كەيپىياتى ياخشى ۋاقىتتا قوڭغۇراقنى ئېلىپ، ئۇنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىمىز. ئاندىن قوڭغۇراقنىڭ قول بىلەن تۇتىدىغان ئورنىنى كۆرسىتىپ بېرىمىز. قوڭغۇراقنى قويۇپ قويساق، بالا ئۆزى ئالىدۇ.

ئەگەر بالا قوڭغۇراقنى تۇتالمىسا ياكى قانداق ئويناشنى بىلمىسە، بالىغا ئۈلگە قىلىپ كۆرسىتىپ قويىمىز.

بۇ مەزگىلدىكى بالىلار باشقىلارنىڭ ھەرىكىتىنى دوراش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ قول ھەرىكىتىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ، بالا دوراشنى قانچە بالدۇر ئۆگەنسە شۇنچە ياخشى، بالىنىڭ يېشى قانچە كىچىك بولسا يوشۇرۇن ئىقتىدارى شۇنچە ياخشى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# قايسىسى ئانامدۇ؟

ماس كېلىدىغان يېشى: 1 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: ئۆيدىكىلەرنىڭ رەسىمى

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئالدى بىلەن بىر ـ ئىككى ئادەم بىلەن بىللە چۈشكەن سۈرەتلەرنى ئېلىپ، بالىغا ئانىسى ياكى دادىسىنى تونۇتۇپ باقىمىز. ئەگەر تونۇيالىسا: «بالام ھەقىقەتەن ئەقىللىق!» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ماختايمىز.

2. قىيىنلىقىنى ئاشۇرۇپ، جىق ئادەم بىللە چۈشكەن سۈرەتتىن ئانىسى ياكى دادىسىنى تونۇتۇپ باقىمىز.

3. ئوخشىمىغان يىللاردا چۈشكەن سۈرەتلەر ئىچىدىن ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرىنى، مەسىلەن: ئاتا ـ ئانىسى، بوۋا ـ مومىسى، تاغا ـ ھاممىسى قاتارلىقلارنى تونۇتۇپ باقىمىز، بالا تونۇيالىسا، ماختاپ تۇرىمىز.







بالا بۇ دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن ئەڭ بۇرۇن ئېسىدە ساقلىيالايدىغىنى ئانىسىنىڭ چىرايى، ئەمەلىيەتتە بالا تۇغۇلۇش بىلەنلا چىرايغا قىزىقىشقا باشلايدۇ. بالىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ھەرىكەتلىنىدىغان كۆز، بۇرۇن، ئېغىز قاتارلىقلار بالىنىڭ دىققىتىنى ئەڭ تارتىدۇ. تەتقىقاتلاردا ئىسپاتلىنىشىچە، بالىلارنىڭ چىرايىنى تونۇش ۋە ئەستە ساقلاش ئىقتىدارى چوڭلارنىڭكىگە قارىغاندا يۇقىرى بولىدۇ، كۆرۈش سەزگۈسى تەرەققىي قىلىپ ئانىسىنى كۆرەلەيدىغان بولغاندا، ئانىسىنىڭ چىرايىنى مېڭىسىدە ساقلىۋېلىپ، ئانىسىنى باشقىلارنىڭ چىرايىدىن پەرقلەندۈرەلەيدۇ.






# پولاڭلتىپ بېقىش

ماس كېلىدىغان يېشى: 7 ~ 10 ئايلىققىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: قوڭغۇراق

ئويناش ئۇسۇلى



بالىنىڭ كەيپىياتى ياخشى ۋاقىتتا قوڭغۇراقنى ئېلىپ، ئۇنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىمىز. ئاندىن قوڭغۇراقنىڭ قول بىلەن تۇتىدىغان ئورنىنى كۆرسىتىپ بېرىمىز. قوڭغۇراقنى قويۇپ قويساق، بالا ئۆزى ئالىدۇ.

ئەگەر بالا قوڭغۇراقنى تۇتالمىسا ياكى قانداق ئويناشنى بىلمىسە، بالىغا ئۈلگە قىلىپ كۆرسىتىپ قويىمىز.

بۇ مەزگىلدىكى بالىلار باشقىلارنىڭ ھەرىكىتىنى دوراش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ قول ھەرىكىتىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ، بالا دوراشنى قانچە بالدۇر ئۆگەنسە شۇنچە ياخشى، بالىنىڭ يېشى قانچە كىچىك بولسا يوشۇرۇن ئىقتىدارى شۇنچە ياخشى بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# قايسسى ئانامدۇ؟

ماس كېلىدىغان يېشى: 1 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: ئۆيدىكىلەرنىڭ رەسىمى

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئالدى بىلەن بىر ـ ئىككى ئادەم بىلەن بىللە چۈشكەن سۈرەتلەرنى ئېلىپ، بالىغا ئانىسى ياكى دادىسىنى تونۇتۇپ باقىمىز. ئەگەر تونۇيالىسا: «بالام ھەقىقەتەن ئەقىللىق!» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ماختايمىز.

2. قىيىنلىقنى ئاشۇرۇپ، جىقراق ئادەم بىللە چۈشكەن سۈرەتتىن ئانىسى ياكى دادىسىنى تونۇتۇپ باقىمىز.

3. ئۇخشىمىغان يىللاردا چۈشكەن سۈرەتلەر ئىچىدىن ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرىنى، مەسىلەن: ئاتا ـ ئانىسى، بوۋا ـ مومىسى، تاغا ـ ھاممىسى قاتارلىقلارنى تونۇتۇپ باقىمىز، بالا تونۇيالىسا، ماختاپ تۇرىمىز.





بالا بۇ دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن ئەڭ بۇرۇن ئېسىدە ساقلىيالايدىغىنى ئانىسىنىڭ چىرايى، ئەمەلىيەتتە بالا تۇغۇلۇش بىلەنلا چىرايغا قىزىقىشى باشلىنىدۇ. بالىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ھەرىكەتلىنىدىغان كۆز، بۇرۇن، ئېغىز قاتارلىقلار بالىنىڭ دىققىتىنى ئەڭ تارتىدۇ. تەتقىقاتلاردا ئىسپاتلىنىشىچە، بالىلارنىڭ چىرايىنى تونۇش ۋە ئەستە ساقلاش ئىقتىدارى چوڭلارنىڭكىگە قارىغاندا يۇقىرى بولىدۇ، كۆرۈش سەزگۈسى تەرەققىي قىلىپ ئانىسىنى كۆرەلەيدىغان بولغاندا، ئانىسىنىڭ چىرايىنى مېڭىسىدە ساقلىۋېلىپ، ئانىسىنى باشقىلارنىڭ چىرايىدىن پەرقلەندۈرەلەيدۇ.



# باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان بالىلار تېخىمۇ مۇنەۋۋەر بولۇشى مۇمكىن




كارل ۋىتېر كىچىك كارلنىڭ تەسەۋۋۇرى ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلىغا ھۆرمەت قىلاتتى، كىچىك كارلنىڭ ئۆزىگە خاس دۇنياسى بولۇپ، ئۇ ئاجايىپ ئىدى، باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان تەسەۋۋۇرى ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلى بولۇپ، پەقەت باشقىلارغا زىيان يەتكۈزمىسىلا، كارل ۋىتېر ئۇنىڭغا ئىلھام بېرەتتى.

بىراق نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار كارل ۋىتېرغا ئوخشاش بالىلارنى ھۆرمەتلىمىگەننىڭ ئۈستىگە، بالىنىڭ تەسەۋۋۇر دۇنياسىنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇلار چوڭلارنىڭ ئۆلچىمى بويىچە بالىلارنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىگە باھا بېرىدۇ. بالا ياغاچ پارچىسى بىلەن قەغەز قۇتىدىن پايدىلىنىپ ئۆي، ئوردا ياسىسا، ئاتا - ئانىلار «ئۆي»نىڭ تېخىمۇ چىرايلىق كۆرۈنۈشى ئۈچۈن، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن بالىغا بىر مودېل ياساپ بېرىپ، بالىغا مۇشۇ ئۈلگە بويىچە ياساتقۇزىدۇ. تېخىمۇ يامىنى شۇكى ئۆي يىغىشتۇرغاندا، بالىنى خەۋەردار قىلماي ئۇنىڭ ئويۇنىنى بۇزۇۋېتىدۇ. ئاتا - ئانىلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرى بالىنىڭ تەسەۋۋۇر دۇنياسىنى شەپقەتسىزلەرچە ۋەيران قىلىۋېتىدۇ.




بالىنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچى بىر بولسا قوزغىتىلىدۇ ياكى بوغۇۋېتىلىدۇ. ئاچقۇچ ئاتا - ئانىلاردا. ئائىلە كەيپىياتى بالىنىڭ كەيپىياتىنى يېتىلدۈرۈشتە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. دېموكراتىك ئائىلە مۇھىتى بالىنىڭ ئەركىن تەسەۋۋۇر قىلىش، بايقاش ئىجادىيىتىگە پايدىلىق، ئاتا - ئانىلار بالىنىڭ ئاشۇ ئاجايىپ - غارايىپ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرەلمىگەن تەقدىردىمۇ، قوپاللىق بىلەن بالىنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتمەسلىكى، بالىنى ئۆزى جاۋاب تېپىشقا يېتەكلىشى كېرەك. ئاتا - ئانىلار بالىنى ھەر خىل سوئاللار ۋە ھەر خىل يېڭىلىقلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ئىلھاملاندۇرۇشى كېرەك. ئۆزىگە خاس ھەتتا ھېچقانداق ئەھمىيەتسىز، كۈلكىلىك ئىجادىي تەسەۋۋۇرلارنى پەرەز قىلىشقىمۇ ئىلھاملاندۇرۇشى كېرەك. باشقىلارغا ئازراق ئوخشىمايدىغان تەسەۋۋۇر ۋە پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويالىغان بالىلار چوڭ بولغاندىن كېيىن ئادەتتىكى بالىلاردىن تېخىمۇ مۇنەۋۋەر بولۇشى مۇمكىن. شۇنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەككى، مەيلى ئالىم بولسۇن، مىليونېر ياكى سىياسىيون بولسۇن، باشقىلاردىن پەرقلىق تەپەككۇر قىلالىغىنى ئۈچۈن شۇنداق بولالىغان. ھەممىنى باشقىلارغا ئوخشاش ئويلايدىغان ئادەم باشقىلارغا ئوخشاش ئادەم بولىدۇ، خالاس.

www.uyghurkitap.com






# رەسىمگە قاراپ سۆزلەش

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: ئاق قەغەز، قەلەم

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئاتا ـ ئانىلار ئالدى بىلەن بىر پارچە قەغەزگە ئادەتتىكى بىر رەسىمنى سىزىدۇ، مەسىلەن: تېلېۋىزور سىزىپ، تېلېۋىزور ئالدىدا كىرىسلودا ئولتۇرۇپ، تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقان ئۈچ ئادەمنى سىزىپ بېرىدۇ.

2. بالىنىڭ تەسەۋۋۇرىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، رەسىمنى كۆزەتكۈزۈپ، سۆزلىتىلىدۇ.

3. بالا دەسلەپتە سۆزلىگەندە تازا تولۇق سۆزلىيەلمەسلىكى مۇمكىن، بىراق بالا سۆزلىيەلىسىلا، بۇ ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىنىڭ بىرخىل چېنىقتۇرۇلىشىدۇر.



# مۇزىكا ئاڭلاش

ماس كېلىدىغان يېشى: 4 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

ئاتا ـ ئانىلار بالىنىڭ كەيپىياتى ياخشى چاغدا، بالىغا يەڭگىل، ئاستا ئۇدارلىقى مۇزىكىلارنى قويۇپ بېرىپ ئاڭلىتىدۇ. ئاندىن بالىنى بۇ مۇزىكىنىڭ قانداق بىر مەنزىرىنى تەسۋىرلەۋاتقانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا يېتەكلەيدۇ، مەسىلەن: كەڭرى يايلاقمۇ ياكى شىرىلداپ ئېقىۋاتقان سۇمۇ؟ دەريانىڭ دولقۇنىمۇ ياكى بۇلاق سۇيىنىڭ ... ؟ دېگەندەك سوئاللارنى سوراپ تەسەۋۋۇرىنى قاناتلاندۇرۇش كېرەك.



# رەسىمنى تولۇقلاش



ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: چالا سىزىلغان رەسىم، رەسىم قەلىمى

### ئويناش ئۇسۇلى

1. ئاتا - ئانىلار بىر پارچە رەسىم سىزىدۇ، ئەمما تولۇق سىزمايدۇ، مەسىلەن: مېۋىسى يوق ئالما دەرىخى، ياكى قورۇق ئۆي دېگەندەك.
2. بالىدىن بۇ رەسىمنى تولۇقلاپ سىزىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

### دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

بالىنىڭ تولۇقلاپ سىزغان رەسىمىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاتا - ئانىلار بالىنىڭ ئەمگەك مېۋىسىگە ھۆرمەت قىلىشى كېرەك.



ھەممە بالىنىڭ داڭلىق شەخس بولۇش ئېھتىماللىقى بولىدۇ. بالىنىڭ رەسسام بولۇش، ئالىم بولۇش، مۇزىكانت بولۇش ئارزۇلىرى ھەرگىزمۇ قۇرۇق شوئار ئەمەس. بالىنىڭ كىچىكىدىن باشلاپلا تەسەۋۋۇر كۈچى ۋە پىكىرلىق يارىتىش كۈچىنى قوغداش ۋە يېتىلدۈرۈش بالىنى كىچىكىدىن باشلاپ جاپالىق مەشىق قىلدۇرغاندىن ئەۋزەل. بالىنىڭ ئالاھىدە ئوي - پىكرى، باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان ھەرىكەتلىرىنى باشقىلارغا زىيان يەتكۈزمىسلا قوغداش ۋە قوللاش كېرەك.

# 2 - بۆلەك

## ئىقتىدار تەربىيەسى

### 2. تەربىيەنى بالدۇر باشلاش كېرەك

كارل ۋېتىر بالىنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارى تەدرىجىي كېمىيىش قائىدىسىگە بويسۇنىدۇ دەپ قارايدۇ، يەنى ئەگەر بىر بالىدا تۇغۇلۇشىدا 100 نومۇرلۇق يوشۇرۇن ئىقتىدار بولسا، ئەمما بەش ياشقا كىرگۈچە ماس ھالدىكى تەربىيە بېرىلمىگەن بولسا، يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، يوشۇرۇن ئىقتىدارى تەدرىجىي كېمىيىدۇ، بەش ياشتىن كېيىن بالا ئەڭ ياخشى تەربىيەگە ئېرىشكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارى پەقەت 80 نومۇرلۇق تەرەققىي قىلالايدۇ. شۇڭا بالىنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە قېزىش ئۈچۈن، تەربىيەنى بالدۇر باشلاش كېرەك.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بالىڭىزنى گۈزەل بالىلىق دەۋرىدىن بەھرىلەندۈرۈڭ




كارل ۋېتىرنىڭ ئوغلى تۇغۇلۇپ، ئۈچىنچى كۈنى باستىر ئۇلارنىڭ ئۆيىگە مۇبارەكلىگىلى كېلىدۇ. ئۇ ئەقلىي ئىقتىدارى ئاجىزدەك كۆرۈنگەن كىچىك كارلنى كۆرۈپ، كارل ۋېتىرغا: «بالىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى تۆۋەن بولسا، بىردىنبىر ئۈمىد ئۇنىڭ كېيىنكى تەربىيەلىنىشىدە. سىز ئۇنى باشقا بالىلاردىن قاتتىقراق تەربىيەلىسىڭىز، ھەتتا شەپقەتسىزرەك تەربىيەلىسىڭىز بولغىدەك. بالا بالىلىقىنىڭ گۈزەللىكىدىن ھوزۇرلىنىشتەك خۇشاللىقلارنى قۇربانلىق بەرسىمۇ، بىراق كەلگۈسىدە چوڭ پايدىسى بار» دېدى.

كارل ۋېتىر بۇ سۆزگە قوشۇلمىدى. ئۇ گىلاپىس باستىرغا: «بۇنداق قۇربانلىق بېرىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ بەختلىك تۇرمۇشتىنمۇ مۇھىم نەرسە بارمۇ؟ سىزنىڭ دېگىنىڭىزدەك قىلساق بالا ساغلام ئۆسەلمەيدۇ. ئۇ بالىلىقىنىڭ گۈزەللىكىدىن بەھرىمەن بولمىسا، ئۆگىنىشكە تېگىشلىك بىلىملەرنىمۇ ئۆگىنەلمەيدۇ. ھەرقانداق مەجبۇرلاش ۋە بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرۈش بالىنى نابۇت قىلىدۇ» دېدى.




بالىلارنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى قېزىشتا ئۇسۇل توغرا بولۇشى كېرەك، بالىلارنىڭ بالىلىق دەۋرىدىكى بەختتىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقىنى قۇربان قىلىپ، ئۇلارنى شەپقەتسىزلەرچە تەربىيەلەشكە بولمايدۇ. بالا ئاتا- ئانىسىنىڭ قاتتىق تەربىيەسى ئاستىدا مەلۇم ساھەدە زور ئۇتۇققا ئېرىشكەن تەقدىردىمۇ، بالىنىڭ پسىخىك تەرەققىياتى نورمال بولمايدۇ، نۇرغۇن داڭلىق شەخسلەرنىڭ دېيىشىچە، ئۇلار بالىلىق دەۋرىدە ئاتا- ئانىسىنىڭ قاتتىق بېسىمىغا ئۇچرىغان. تەتىل كۈنلىرى، ئويۇن ئوينايدىغان ۋاقىتلىرى بولمىغان، ئويغاق بىر مىنۇتى بولسىلا ئۆگىنىش قىلغان، توختىماستىن ئۆگەنگەن. گەرچە ئۇلار مەلۇم ساھەدە بەلگىلىك ئۇتۇق قازانغان بولسىمۇ، بىراق ئۆمۈر بويى ئەپسۇسلىنارلىق ھېس قىلىدىكەن.

ھازىر نۇرغۇن ئاتا- ئانىلار بالىنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى ئېچىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئاكتىپلىق بىلەن تەربىيەلەيدۇ، ئەگەر ئۇسۇل خاتا بولسا، ئادەتتىكى بالىلارلا ئەمەس، ئالاھىدە تالانتلىق بالىلارمۇ بوغۇلۇپ قالىدۇ. رېئال تۇرمۇشتا بالىلىق دەۋرىدە تالانتلىق، چوڭ بولغاندىن كېيىن ئادەتتىكىدەك بولۇپ قالىدىغان ئادەملەر ھەممىلا يەردە بار. يىغىپ ئېيتقاندا، بالىلار ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا ئۇچرىغان بېسىمى بەك چوڭ بولسا، ئاخىرىدا يېرىم يولدا توختاپ قالىدۇ.






# بوۋاقنى ئۇۋۇلاپ بېرىش

ماس كېلىدىغان يېشى: **0 ~ 2 ياشقىچە**

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئاۋۋال بوۋاقنى دۈم ياتقۇزۇپ، دۈمبىسىنى ئۇۋۇلايمىز. پاتتىگىدىن كاسىسىغىچە ئومۇرتقىنىڭ ئىككى تەرىپىنى 20 قېتىم يېنىك سىيلايمىز. ئۆي ئىچى تېمپېراتۇرىسى مۇۋاپىق بولۇش كېرەك، قوۋۇق مايىنى ئىشلىتىپ ئۇۋۇلىسىمۇ بولىدۇ.

2. ئاندىن بوۋاقنىڭ ئىككى بىلىكىنى ئۇۋۇلايمىز. مۈرىسىدىن باشلاپ، بېغىشىغىچە يېنىك سىقىپ قويساق بولىدۇ.

3. ئاندىن بوۋاقنىڭ قورساق قىسمىنى ئۇۋۇلايمىز. بوۋاقنىڭ كىندىك قىسمى ئاساس قىلىنىدۇ. ئىككى ئالىقان بىلەن سائەت ئىسترېلكىسى يۆنىلىشى بويىچە 6~ 8 قېتىم تەرتىپلىك ئايلاندۇرىمىز. يەنە بوۋاقنىڭ ئىككى بىقىن يۆنىلىشىگە قاراپ، 6~ 8 قېتىمغىچە يەڭگىل سىيلايمىز.



4. ئارقىدىن بوۋاقنىڭ ئىككى پۇتى ئۇۋۇلىنىدۇ؛ سول قول بىلەن بوۋاقنىڭ ئوڭ پۇت ئوشۇقىنى تۇتۇپ، ئۇنىڭ پۇتىنى تۈزلەپ، ئوڭ قول بىلەن يوتىسىدىن ئوشۇقىغىچە 4 ~ 6 قېتىم يېنىك سىلايمىز؛ يەنە ئوخشاش ئۇسۇل بويىچە سول پۇتى ئۇۋۇلىنىدۇ.

5. ئەڭ ئاخىرىدا بوۋاقنىڭ تاپىنىنى ئۇۋۇلايمىز. يېنىك بېسىپ قويساقلا بولىدۇ.

دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

ئۇۋۇلىغاندا ھەرىكەت سىلىق بولۇشى كېرەك. بولمىسا بالىنىڭ ئۇستىخىنى زەخىملىنىپ قالىدۇ. ئۇۋۇلاش بوۋاقنىڭ ھەرقايسى ئەزالىرىنىڭ سېزىم ئىقتىدارىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بالىلارنى دائىم ئۇۋۇلاپ بەرسە مېھر- مۇھەببەتنى چوڭقۇرلاشتۇرغىلى بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# ئويۇنچۇق ياساش

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: كاۋچۇك لاي ياكى ئۇن

ئويناش ئۇسۇلى

1. لاي ئويناش بالىلار ياقتۇرۇپ ئوينايدىغان ئويۇن. بىراق ھازىرقى شەھەرلىك بالىلارنىڭ لاي بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتى ناھايىتى ئاز. ئاتا ـ ئانىلار كاۋچۇك لاينى ياكى ئۇننى لاينىڭ ئورنىدا ئويناتسا بولىدۇ.



2. داستىن بىرنى تەييارلاپ، ئازراق ئۇن تۆكۈپ، ئۇنىڭغا بوياق قوشۇپ، سۇ بىلەن يۇغۇرۇپ، بالىغا ھەر خىل شەكىلدىكى نەرسىلەرنى ياساتقۇزىمىز. بالىنىڭ يېشى كىچىك بولسا ئاددىيراق بولغان شار، چاسا ياكى بولكا قاتارلىق نەرسىلەرنى ياساتقۇزساق بولىدۇ. يېشى چوڭراق بالىلار بولسا ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەر خىل قىيىنراق شەكىلدىكى نەرسىلەرنى ياساتقۇزساق بولىدۇ.

3. بالىغا ئوينىغاندا كىيىدىغان مەخسۇس كىيىم تەييارلاپ بېرىپ، ئۇنى قانغۇچە ئوينىتىش، كىيىمنى مەينەت قىلىۋېتىشتىن ئەنسىرىمەسلىك كېرەك. ئەمما بالىنىڭ ئوينىغان نەرسىسىنى ئاغزىغا سېلىۋېلىشىدىن ۋە كۆزىگە كىرىپ كېتىشىدىن ئېھتىيات قىلىش كېرەك.



ئاتا ـ ئانىلار بالىنى سىيلاپ ياكى ئۆۋۈلاپ قويسا، ئۆزئارا مېھىر ـ مۇھەببىتى كۈچىيىپلا قالماي، يەنە بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. چۈنكى بالا تۇغۇلغاندىلا ئۇنىڭدا تولۇق بولغان تېگىش سېزىمى ئىقتىدارى بولىدۇ. بالىنى ئەڭ ياخشىسى بالا چارچىمىغان، ئاچمىغان، بىئارام بولمىغان ۋاقىتتا ئۆۋۈلىغان ياخشى. بالا چۈشتە ياكى كەچتە ئۇخلاشتىن بۇرۇن، ئىككى قېتىملىق تاماق ئارىلىقىدا، يۇيۇندۇرۇشنىڭ ئالدى ۋە كەينىدىكى ۋاقىت ئەڭ ياخشى. ئەگەر بالا ياخشى كۆرسىلا بالىنى كۆپرەك ئۆۋۈلاپ بېرىش، ئەگەر ياقتۇرمىسا ئۆۋۈلاشنى دەرھال توختىتىش كېرەك.



# بالىنىڭ ھەربىر چىراي ئىپادىسى ۋە ھەرىكىتىگە ئېتىبار بېرىش كېرەك



## ھېكايەت

كىچىك كارل تۇغۇلۇپ، بىرىنچى كۈنىدىن باشلاپلا، كارل ۋېتىر تەربىيەسىنى باشلىغان ئىدى. كىچىك بالىغا قىلىنىدىغان تەربىيە ئادەتتىكىگە ئوخشىمايدۇ، كارل ۋېتىر تەبىئىي ۋە ئاددىي ھەرىكەتلەردىن پايدىلانغانىدى، مەسىلەن: قۇچاقلاش، يېنىك ئۇرۇپ قويۇش، گەپ قىلىش، كۈلۈمسىرەش قاتارلىقلار. كىچىك كارلنىڭ قورسىقى ئاچسا، ئۇسسىسا، بىئارام بولسا، كارل ۋېتىر ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى ھېس قىلىپ، ئامالىنىڭ بارىچە تەلىپىنى قاندۇرغان ئىدى.

كارل ۋېتىر ئەگەر كىچىك كارل كۆڭۈل بۆلۈش ۋە كۆيۈمچانلىقنى ھېس قىلالىسا، ئۇنى تەربىيەلىيەلىگىنىمنى چۈشەندۇرىدۇ دەپ قارايتتى. شۇنداق قىلىپ، كىچىك كارلنىڭ ئەقلىي مېخانىزمى ۋە ئىنكاس ئىقتىدارى تەڭشىلىپ، ئەقلى ئاجىز بولۇپ قالمىغانىدى.



## بىلدۇرگۇ

بوۋاقلارنىڭ ھەربىر ئىپادىسى ۋە ھەرىكىتىدە ئۇلارنىڭ مەلۇم ئېھتىياجى ئەكس ئەتكەن بولىدۇ. شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار بالىنىڭ ئىنكاسىنى ھەر ۋاقىت ئەستايىدىل كۆزىتىپ، ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بالىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشى كېرەك. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىغا قىلغان ھەر بىر غەمخورلۇقى بالىنىڭ بېسىمغا تاقابىل تۇرۇش ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت شەكىللەندۈرۈش ئىقتىدارىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. بالىغا بوۋاق ۋاقتىدا بېرىلگەن مۇھەببەت، ئىشەنچ ۋە ئىلھام بالىنىڭ چوڭ مېڭىسىدە مەڭگۈ ساقلىنىپ، ئۇنىڭ پىسخىكىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا كارل ۋېتىرنىڭ بالىسى تۇغۇلۇشى بىلەنلا تەربىيەنى باشلىشى ئىنتايىن توغرا. بۇ خىل تەربىيە بالا بىلەن ئاكتىپ ئالاقە قىلىپ تۇرۇش، ئۇنىڭ ھەر بىر ئىپادىسى ۋە ھەرىكىتىگە دىققەت قىلىپ تۇرۇش ۋە ئۇنى ئەڭ تېز سۈرئەتتە ھەل قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ بالىنىڭ دۇنيانى تونۇشىنى ۋە مېڭىسىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com






# بالىنى قۇچاقلاش، سۆيۈش

ماس كېلىدىغان يېشى: 0 ~ 3 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئاتا ـ ئانىلار بالىنى قۇچاقلاپ، يۈزى ياكى پېشانىسىنى بالىنىڭ يۈزىگە سۈركەش ياكى پېشانىلىرىنى ئۆزئارا سۈركەش كېرەك.

2. ئاتا ـ ئانىسى چېچىنى بالىنىڭ يۈزىگە تەگكۈزسىمۇ بولىدۇ، بىراق چاچنىڭ پاكىزلىقىغا ھەم بالىغا بولغان ئەكس تەسىرىگە دىققەت قىلىش كېرەك، دادىسى ئېلىنمىغان ساقال ـ بۇرۇتىنى بالىنىڭ يۈزىگە تەگكۈزسە بولىدۇ.

3. ئاتا ـ ئانىسى بىر تەرەپتىن بالىنى قۇچاقلاپ بىر تەرەپتىن: «سىزنى سۆيىمەن، سىزنى ياخشى كۆرىمەن» دېگەچ رىتىملىق مىدىرلاتسا بولىدۇ. پەقەت بالا ياقتۇرسىلا قايتا ـ قايتا تەكرارلاش، كۆپ قېتىم تەكرارلىغاندىن كېيىن، بالىدا باللار ناخشىسىنىڭ رىتىمگە ماسلىشىش تۇيغۇسى شەكىللىنىدۇ.

4. ئويۇن تېگىش سېزىمىنىڭ قوبۇل قىلىش دەرىجىسىنى كۈچەيتىپ، ھەددىدىن زىيادە مۇداپىئە كۆرۈشتەك پسىخىك توسالغۇنى يوقىتىدۇ، بىراق بۇ ئويۇننى بالىنىڭ كەيپىياتى خۇشال ۋاقىتتا ئويناش، بالىنى ئازراق كۈچەپ چىڭراق قۇچاقلىغاندا، بالىنىڭ تېگىش سېزىمىنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ.



# سىلاپ بېقىڭ، بېسىپ بېقىڭ

**ماس كېلىدىغان يېشى:** 0 ~ 1.5 ياشقىچە

**كېرەكلىك نەرسىلەر:** ھەر خىل يۇمشاق ـ قاتتىقلىق دەرىجىسى ئوخشاش بولمىغان توپ

**ئويناش ئۇسۇلى**



يۇمشاق ـ قاتتىقلىق دەرىجىسى ئوخشاش بولمىغان شار تەييارلايمىز، مەسىلەن: قاتتىق توپ، رېزىنكە توپ، يۇمشاق توپ قاتارلىقلار، بالىلارنىڭ توپنى يۇتۇۋالماسلىقى ئۈچۈن، بەك كىچىك توپلارنى ئىشلەتمەسلىك كېرەك. بالىنى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، توپنى بىردىن، بىردىن بالىغا تۇتقۇزىمىز، ئەگەر بېسىپ تۇتالمىغاندا، بالىنىڭ قولىنى تۇتۇپ، توپنى قۇچاقلىتىپ، بالىغا يۇمشاق ياكى قاتتىقلىقنى ھېس قىلدۇرىمىز.

بۇ خىل ئويۇن بالىنىڭ پۇت ـ قولىنىڭ تېگىش سېزىمىنىڭ پەرق ئېتىش كۈچى ئارقىلىق، بالىنىڭ چوڭ مېڭىسىنىڭ ئەستە تۇتۇش رايونىنىڭ سېزىمىنى بۆلۈپ قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدۇ، شۇ ئارقىلىق بۇۋاقنىڭ سېزىم جەھەتتىكى ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، ئوڭ ـ سول مېڭىسىنىڭ تەرەققىياتىنى تەكشى ئىلگىرى سۈرىدۇ.



بالا مەيلى سۈت پاراشوكى بىلەن بېقىلسۇن ياكى ئانا سۈتى بىلەن بېقىلسۇن، بالىغا يېمەكلىك بەرگەندە، چوقۇم بالىغا كۆلۈمسىرىگەن ھالدا قاراش كېرەك، كۆپىنچە ئەھۋالدا چوڭلار بالىنىڭ تاتلىق كۆلۈمسىرىشىنى ئۆزىگە بەرگەن جاۋاب دەپ بىلىدۇ، بۇ خىل ئۇدۇل قارىشىش بالىنىڭ پسىخىك ساغلاملىقىنىڭ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# شەيئىلەرنى بالا بىلەن بىللە ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىش




كارل ۋىتىر كىچىك كارلنىڭ كۆرۈش سېزىم ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئۇنىڭ ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىنى سىناپ مەشـقلەندۇرگەنىدى، ئـۇ كىچىك كارلغا بىر قىسىم شەيئىلەرنى كۆزەتكۈزدى، مۇشۇنداق قىلغاندىمۇ بالىدا ئۆتكۈرلۈك بىلەن شەيئىلەرنى كۆزىتىش ئادىتىنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ. كارل ۋىتىر دائىم كىچىك كارل بىلەن «كۆرگەنلىرىنى بايان قىلىش» ئويۇنىنى ئوينايتتى، ھەر قېتىم كارل ۋىتىر ماگىزىندىكى مال جازىسىنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، ئۇ كىچىك كارلغا مال جازىسىدا نېمە بارلىقىنى كۆزەتكۈزەتتى. ئاندىن ئۇلار مال جازىسى ئىچىدە قانداق بۇيۇملارنىڭ تىزىلغانلىقىنى ئەسلەپ، كىمنىڭ كۆپ نەرسىنىڭ ئىسمىنى دېيەلىگەنلىكىگە قاراپ، كىمنىڭ ئۇتقانلىقىنى بەلگىلەيتتى. شۇنداق قىلىپ، كىچىك كارلنىڭ كۆزىتىش ئىقتىدارى بارغانسېرى كۈچىيىپ، كۆرگەنلا نەرسىنىڭ ھەممىسىنى ئاساسەن ئېنىق ئەستە ساقلىيالايدىغان بولىدى. كارل ۋىتىر كىچىك كارلنىڭ دىققىتىنى يىغالماسلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئوچۇق رەڭلىك ۋە ھەرىكەتلىنىدىغان نەرسىلەر بىلەن ئويۇن ئوينايتتى، شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭغا رەڭ تونۇشنى ئۆگىتەتتى. كىچىك كارل تۇغۇلۇپ ئالتە ھەپتىلىك بولغاندا، كارل ۋىتىر رەڭلىك گاز شارى سېتىۋېلىپ كالتە تانا بىلەن ئۇنىڭ بېغىشىغا باغلاپ قويىدى، شۇنىڭ بىلەن گاز شارى بالىنىڭ بېشىدا توختىماستىن پۇلاڭلاپ تۇراتتى، كىچىك كارل بۇ ئويۇننى بەك ياخشى كۆرەتتى. كارل ۋىتىر گاز شارىنى ھەر ھەپتىدە ئالماشتۇراتتى، كىچىك كارل بۇ ئويۇن ئارقىلىق ناھايىتى تېزلا قىزىل، كۆك، يېشىل قاتارلىق رەڭلەرنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان بولدى.




كۆزىتىش كىشىلەرنىڭ شەيئىلەرنى تونۇشىدىكى مۇھىم يوللارنىڭ بىرى، شۇنداقلا ئەقلىي ئىقتىدار تەرەققىي قىلدۇرىدىغان مۇھىم ئامىل. ئۆتكۈر كۆزىتىش ئىقتىدارى تەسەۋۋۇر كۈچى ۋە ئىجادچانلىقنىڭ مەنبەسى، كۆزىتىش ئىقتىدارى كۈچلۈك بالىلار مول بىلىملەرنى ئىگىلىيەلەيدۇ، شۇڭلاشقا ئاتا ـ ئانىلار بالىدا كىچىكىدىن باشلاپلا كۆزىتىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. كارل ۋىتىرنىڭ كىچىك كارل بىلەن ئوينىغان «كۆرگەنلىرىنى بايان قىلىش» ئويۇنى بالىنىڭ كۆزىتىش ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرۇپلا قالماي، يەنە بالىنىڭ ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىنىمۇ ئۈنۈملۈك ھالدا چېنىقتۇرالىدى. كىچىك بالىلارنىڭ دىققىتىنى يىغىش ۋاقتى بىر قەدەر قىسقا، ئۆزىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارى تېخى تەرەققىي قىلمىغان بولغاچقا، ئاتا ـ ئانىلار ئويۇننى ئامال بار قىزىقارلىق قىلىپ ئوينىتىشى كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا ئاندىن ئۇلارنىڭ دىققىتىنى يىغقىلى بولىدۇ.






# قەيېرى ئوخشىمايدۇ

ماس كېلىدىغان يېشى: **1.5 ~ 6** ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: ئوخشىماسلىقنى تاپىدىغان رەسىملەر

ئويناش ئۇسۇلى

باشتا بالىنى ئويۇننى قانداق ئويناشقا يېتەكلەيمىز. ئىككى رەسىمنىڭ قەيېرىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىمىز. ئاندىن بالىنى تاپقۇزىمىز. بالا بىرنى تاپسا، بىر قېتىم بالىنى ماختاپ ئىلھام بېرىپ تۇرىمىز.

بالا بەزى جايلىرىنى تاپالمىسا، بالىغا كۆرسەتمە خاراكتېرلىك سۆزلەر بىلەن ياردەم قىلساق بولىدۇ. بالىنى تەقدىرلەشنى، ماختاشنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# نېمە نېمىگە ئوخشايدۇ

ماس كېلىدىغان يېشى: 1.5 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: شەكىللەر، مېۋە، كۆكتاتلارنىڭ رەسىم كارتىسى

ئويناش ئۇسۇلى

بىر تۈردىكى نەرسىلەرنىڭ رەسىمىنىڭ ئارىسىغا باشقا بىر تۈردىكى نەرسىنىڭ رەسىمىنى قوشىمىز، ئاندىن بالىغا ئوخشىمىغان نەرسىنىڭ رەسىمىنى تاپقۇزىمىز.

بۇ ئويۇننى بالىنىڭ كەيپىياتى ياخشى ۋاقىتتا ئوينايمىز. ئويۇن جەريانىدا سەۋرچان بولۇش كېرەك. بالا تاپالمىغاندا ئۇنى ئەيىبلەشكە بولمايدۇ.



# نىمە ئۆزگەردى

ماس كېلىدىغان يېشى: 1.5 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: كىچىك هايۋانلارنىڭ نىقابلىرى، ئويۇنچۇقلار

ئويناش ئۇسۇلى

1. بالا باشقا بىر ئۆيدە ساقلاپ تۇرىدۇ. ئاتا (ئانا) مەلۇم خىل نىقاب بىلەن نىقابلىنىپ، قولىغا بىر ئويۇنچۇقنى تۇتۇپ تۇرىدۇ. بالا نىقابلانغان ئاتا (ئانا) سىنى بىر - ئىككى مىنۇت تەپسىلىي كۆزىتىدۇ.

2. ۋاقىت توشقاندىن كېيىن، بالا باشقا ئۆيدە ساقلاپ تۇرىدۇ. ئاتا (ئانا) نىقابىنى ئالماشتۇرىدۇ، مەسىلەن: توشقاننىڭ باش بېزىكىنى ئېيىقنىڭ باش بېزىكىگە ئالماشتۇرىدۇ، قولىدىكى كۆچۈك قونچاقنى باشقا قونچاققا ئالماشتۇرىدۇ.



3. بالا نېمىلەرنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى تاپىدۇ.

4. ئاتا (ئانا) بىلەن بالا ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ ئوينايدۇ. بالا نىقابلانغاندا، چوڭلار تاپىدۇ. ئاتا (ئانا) بالىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق ئويۇننى رەسمىگە تارتىۋالسا ياخشى، بۇ ئىككى قېتىملىق ئويۇننى سېلىشتۇرۇشقا پايدىلىق. چۈنكى بالىلارنىڭ ئۇنتۇپ قېلىش ئېھتىماللىقى چوڭ.

دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

بالىنىڭ يېشى كىچىك بولغاچقا، ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارى تۆۋەن بولىدۇ. يېڭى باشلىغاندا ئاتا (ئانا) بەزى ئالاھىدە ئىنچىكە ئۆزگىرىشلەرنى ئىشلىمەسلىكى كېرەك. بولمىسا بالا تاپالماي، ئاكتىپلىقى زەربىگە ئۇچرايدۇ، ئاۋۋال بىر قەدەر كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىشلەردىن باشلاپ، كېيىن ئىنچىكە ئۆزگىرىشلەرنى قىلسا بولىدۇ.



بالىنىڭ كۆزىتىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشنى كۈندىلىك تۇرمۇشقا سىڭدۈرۈۋېتىش كېرەك. مەسىلەن: بالىغا، دەرەختە قانچە قۇش بار؟ گۈللۈكتە نېمە گۈللەر بار؟ ئۆيگە قايتىش يولىدا قانچە ماگىزىن بار؟ بىنانىڭ نەچچە پەلەمپىيى بار دېگەنلەرنى كۆزەتكۈزۈش كېرەك. بىر يېرىم ياشتىن تۆت ياشقىچە بولغان ۋاقىت بالىنىڭ مىكرو شەيئىلەرگە قىزىقىدىغان سەزگۈر دەۋرى، بۇ بالىنىڭ كۆزىتىش ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرۇشتىكى ياخشى مەزگىل. بۇ ياشتىكى بالىلار يەر يۈزىدىكى كىچىك چۈمۈلە، ئۆي جاھازلىرىدىكى كىچىك گۈللەرگە بەك قىزىقىدۇ، ئاتا - ئانىلار مۇشۇ مەزگىلدە بالىنى يېتەكلىسە، ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ.

# ئۆگىنىش دورامچىلىقتىن باشلىنىدۇ




كارل ۋېتىرنىڭ كىتابخانىسى ئۇنىڭ ئۆزىگىلا تەۋە جاي بولۇپ، ئايالىمۇ كىتابخانىغا ئاز كىرەتتى. بىر كۈنى كارل ۋېتىر كىتابخانىسىدا خەت يېزىۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىگىلا تەۋە بۇ جايدا باشقا بىر ئادەمنىڭ نەپىسىنى ئاڭلاپ، ئۆرۈلۈپ قارىدى. كىچىك كارل دادىسىنىڭ خەت يازغان ھالىتىنى دوراپ، ئۆزىمۇ كىچىك تاياقچە بىلەن قەغەزگە جىجاۋاتاتتى. بۇ چاغدا كىچىك كارل ئەمدى ئۈچ ياشقا كىرگەنىدى.

كارل ۋېتىر كىچىك كارلنىڭ خەت يېزىۋاتقان ئوماق ھالىتىنى كۆرۈپ بەك خۇشال بولدى ۋە ئۇنىڭغا بىر تال قەلەم بېرىپ ئىسمىنى يېزىشنى ئۆگەتتى. ئەلۋەتتە ئۈچ ياشلىق بالا قەلەمنى قانداق تۇتۇشنىمۇ بىلمەيتتى. كارل ۋېتىرنىڭ قايتا ـ قايتا ئۆگىتىشى بىلەن ئۇ ئاخىر ئۆزىنىڭ ئىسمىنى قىڭغىر ـ قىيسىق يېزىپ چىقالىدى. كىچىك كارل ئۆزى يازغان خەتنى ئانىسىغا كۆرسىتىپ، ئانىسىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ خەت يېزىش قىزغىنلىقى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئاشۇ بىر نەچچە كۈندە كىچىك كارلنىڭ خەت يېزىشنى ئۆگىنىش قىزغىنلىقى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، كۈنبويى دادىسىغا ئەگىشىۋالدى، دادىسى ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆپ خەتلەرنى ئۆگەتتى.




بالىنىڭ ئۆگىنىشى دوراشتىن باشلىنىدۇ، ئەمەلىيەتتە، بالا تۇغۇلۇپلا دوراشقا باشلايدۇ. بالا چوڭلارنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىش، دوراش ئارقىلىق، بەزى قائىدىلەرنى ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىگە سىڭدۈرىدۇ. دوراش ئوبرازلىق تەپەككۇرنى يېتىلدۈرۈشنىڭ بىر خىل شەكلى. بالا ئاۋۋال چىراي ئىپادىسى ۋە تەلەپپۇزنى دوراپ ئۆگىنىدۇ، بالىنىڭ دوراش ئوبيېكتى ئۇنىڭ بىلەن ئارىلاشقان ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن ئادەم. شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار تۇرمۇشتا، بولۇپمۇ بالا بىلەن بىللە تۇرغاندا، ئۆزىنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك.

بالىنىڭ نەزىرىدە، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى يېڭى بولۇپ، ھېچقايسىسى ياخشى ـ يامان دەپ ئايرىلمايدۇ. ئۇلاردا شەيئىلەرنىڭ ياخشى ـ يامىنىنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى بولمايدۇ، شۇڭا بالا ئەتراپىدىكى ئادەم ۋە شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىنى دورايدۇ. ئاتا ـ ئانىسى بالىنىڭ ياخشى بولمىغان دوراشلىرىنى كۆلكە قىلماسلىقى ياكى ئويۇن بىلىپ بالىنى قايتا قىلغۇزماسلىق كېرەك. بولمىسا بالا ئۆزىنىڭ ئۇ ھەرىكىتىنى توغرا قېپتىمەن دەپ بىلىۋالىدۇ.




# سەكرە توشقانچاق



ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: توشقانچاقنىڭ باش بېزىكى، موگۇ رەسمى.

ئويناش ئۇسۇلى

1. پول ئۈستىگە ئېرىق سىزىپ، ئېرىقنىڭ بىر تەرىپىگە بىر نەچچە موگۇ رەسمى بار قەغەزنى قويىمىز.

2. بالا بىلەن توشقانچاقنىڭ باش بېزىكىنى تاقاپ، بالىغا: «توشقانچاق، ئېرىقتىن سەكرەپ ئۆتۈپ، موگۇ تەرگىلى بارايلى» دەپ بالىنى كىچىك ئېرىقتىن سەكرەپ ئۆتكۈزىمىز.

3. ئېرىقتىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، بالا بىلەن بىرلىكتە، توشقاندەك سەكرەپ تۇرۇپ «موگۇ» تېرىيمىز.

4. يېڭى باشلانغاندا، بالا «ئېرىق»تىن سەكرەپ ئۆتەلمەسلىكى مۇمكىن، ھەم بىر تەرەپتىن سەكرەپ، بىر تەرەپتىن «موگۇ» تېرەلمەسلىكى مۇمكىن. بۇ چاغدا بىز بالىغا سەۋرچانلىق بىلەن ياردەم قىلىشىمىز كېرەك. بولمىسا بالا ھەرىكەتنىڭ تەسلىكىدىن ئويۇندىن ۋاز كېچىشى مۇمكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# قىسقۇچپاقا

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: سېلىنچا

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئالدى بىلەن سېلىنچىنى تېشىۋالىمىز.
2. ئاندىن بالىغا قىسقۇچپاقىنى دوراپ مېڭىپ بېرىمىز.
3. بالا بۇ ھەرىكەتلەرنى دوراپ قىلىپ باقىدۇ: يەردە تۆت پۇتلاپ، ئاستا ماڭىدۇ؛ بەزىدە بەزىدە تېزراق ماڭىدۇ؛ بەزىدە تۆت پۇتلاپ توغرىسىغا ماڭىدۇ؛ ئوڭدىسىغا يېتىپ، پۇت ـ قولىنى ئۈستىگە چىقىرىدۇ.
4. بالا قىسقۇچپاقىغا تەقلىد قىلىپ مېڭىپ، تۆشۈك ئېغىزىغا يامىشىپ، تۆشۈكتىن كىرىدۇ، تۆشۈكتىن كىرگەندە سۈرئىتى تېز بولۇش، تۆشۈكتىن چىققاندا ئەتراپىدا نېمىلەر بارلىقىنى كۆزىتىش كېرەك.



# مەن كىچىك ئاققۇ

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئىككى قولنى ئىككى تەرەپكە كېرىپ، بىر پۇتتا ئۆرە تۇرۇپ، يەنە بىر پۇتنى تىزنىڭ ئېگىزلىكىدە كۆتۈرىمىز.
2. بىر پۇتتا ئۆرە تۇرۇپ، يەنە بىر پۇتنى كەينىگە ئېگىپ، بىر قولدا ئەگكەن پۇتنى تۇتۇپ، يەنە بىر قولنى تۈز سوزىمىز.
3. ئالدى بىلەن بۇ ھەرىكەتنى ئىشلەپ، بالىغا ئۈلگە كۆرسىتىپ، ئاندىن بالا بىلەن كىم ئۇزاق ئۆرە تۇرالايدۇ دەپ مۇسابىقىلىشىمىز ياكى بالا بىلەن باشقا كىچىك بالىلارنى ئوينىتىمىز.



بالىنىڭ بەزى ھەرىكەتلەرنى ئاڭلىق تەقلىد قىلغىنىدىن، يەنى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆگەتكىنىدىن، ئەتراپتىكى شەيئىلەرنى ئاڭسىز تەقلىد قىلىشى كۆپ بولىدۇ.

بالىنىڭ بەش ياشتىن بۇرۇنقى ۋاقتى ئاڭسىز دوراشتىن ئاڭلىق دوراشقا ئۆتىدىغان مەزگىلى. بۇ مەزگىلدە بالىدا بەزى ناچار دوراش ھەرىكەتلىرى كۆرۈلسە، ئەستايىدىل، سوغۇققان بولۇپ، مۇۋاپىق پۇرسەت تېپىپ، بالىنى يېتەكلىشىمىز، ئەيىبلىمەسلىكىمىز، مەجبۇرىي چەكلىمەسلىكىمىز كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ھەر ۋاقىت ئۆگىنىش




كارل ۋىتېر ئوغلى 3 ~ 4 ياش چېغىدا ھەركۈنى ناشتىدىن بۇرۇن ئۇنى ئېلىپ، 1 ~ 2 سائەت سەيلە قىلىپ كېلەتتى. ئۇلار يولدا پاراڭلاشقاچ ماڭاتتى. كارل ۋىتېر دائىم ئوغلىغا قىزىقارلىق ئىشلارنى سۆزلەپ بېرەتتى. ئوغلىنىڭ تەپەككۇرى جانلىق، تەسەۋۋۇرى مول بولۇپ، دادىسىنىڭ سۆز ئۇرامىدىن نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلەلەيتتى، بىردەم پاراخوت بىلەن ھىندىستان ياكى جۇڭگوغا بارسا، بىردەم نىل دەرياسىنى سەيلە قىلاتتى، بىردەم ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغان شىمالىي قۇتۇپنى ئېكسپېدىتسىيە قىلسا، بىردەم قويۇق پۇراققا تولغان سىرىلانكا ئورمانلىقلىرىغا باراتتى. بەزىدە كارل ۋىتېر ئوغلى بىلەن نەچچە مىڭ يىل بۇرۇنقى ئىشلار توغرۇلۇق سۆزلىشەتتى، سپارتالىقلار بىلەن تىرويان شەھىرىگە ھۇجۇم قىلاتتى؛ بەزىدە ئۇلار كېمىگە چىقىپ يالغۇز ئارالدا ئېزىپ قالاتتى؛ بەزىدە ئالېكساندىرنىڭ ئارمىيەسىگە ئەگىشىپ، غەربىي ئاسىياغا سەپەر قىلاتتى. كارل ۋىتېر مۇشۇنداق قىلىپ بالىسىنى سەيلە قىلغۇزۇش جەريانىدا جۇغراپىيە ۋە تارىخ بىلىملىرىگە پۇختا ئاساس سالغان ئىدى.




كارل ۋىتېر كىچىك كارل كىچىك ۋاقتىدا كىچىك كارلنى مۇزېي، گۈزەل - سەنئەت سارىيى، ھايۋاناتلار باغچىسىغا ئاپىراتتى، كارل ۋىتېر يەنە كىچىك كارلنى زاۋۇت، كان ۋە دوختۇرخانا قاتارلىق جايلارغا ئاپىراتتى. بېرىشتىن ئىلگىرى كىچىك كارل بەزى مۇناسىۋەتلىك كىتابلارنى ئوقۇپ، ئاۋۋال زىيارەت قىلىدىغان جايلارغا نىسبەتەن مەلۇم چۈشەنچىگە ئىگە بولاتتى. شۇڭا ئۇ زىيارەت جەريانىدا دادىسىدىن ھەر خىل سوئاللارنى سورايتتى، كارل ۋىتېرمۇ ئامالىنىڭ بارىچە جاۋاب بېرىپ، ئۇنىڭغا تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ قوياتتى. چۈنكى كارل ۋىتېر تۇرمۇشتا ھەر ۋاقىت بىر نەرسە ئۆگىنىشنىڭ ئەڭ تەبىئىي ھەم ئۈنۈملۈك بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

كىچىك كارل زىيارەتتىن كېيىن، كۆرگەنلىرىنى ئانىسىغا دەپ بېرەتتى. شۇڭا ئۇ ھەممىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ، ئاتىسىنىڭ ۋە ساياھەت يېتەكچىسىنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى ئەستايىدىل ئاڭلايتتى.








# گۈل تىكىش

ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: تەشتەك، توپا، گۈل، گۈرجەك، چۆگۈن

ئويناش ئۇسۇلى

ئالدى بىلەن قۇرۇق تەشتەككە بىر نەچچە تال تاش ياتقۇزىمىز.

ئاندىن 2 ~ 3 گۈرجەك توپىنى تەشتەككە سالىمىز.

ئارقىدىن گۈلنى تىكىپ، يىلتىزىنى توپا بىلەن كۆمىمىز.

ئۇنىڭ كەينىدىن ئازراق سۇ قۇيۇپ، يەنە توپا تاشلاپ، يىلتىزىنى تولۇق كۆمىمىز.

ئاخىرىدا سۇ قۇيۇپ، قول ۋە سايمانلارنى يۇيۇۋېتىپ، سايمانلارنى جايىغا قويۇپ قويىمىز.



www.uyghurkitap.com






# يۇلتۇز تېپىش

ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

يازنىڭ ھاۋا ئوچۇق كېچىلىرىدە، بالىنى بالكون ياكى مەھەللىنىڭ ئارام ئالىدىغان جايى قاتارلىق يۇلتۇزلارنى ئاسان كۆرگىلى بولىدىغان جايغا ئاپىرىپ، شىمالىي قۇتۇپ يۇلتۇزى، چۆمۈچ يۇلتۇزى قاتارلىق ئاسانراق تاپقىلى بولىدىغان يۇلتۇزلارنى تېپىشنى ئۆگىتىمىز.

بالىغا يەنە شىمالىي قۇتۇپ يۇلتۇزى ئارقىلىق يۆنىلىشنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ ئاددىي ئۇسۇلىنى ئۆگىتىمىز.





# ماش ئۈندۈرمىسى



ماس كېلىدىغان يېشى: **3 ~ 6** ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر:

يېشىل پۇرچاق، ئەينەك قاچا

ئويناش ئۇسۇلى

ئون تال ماشنى بىر تال - بىر تالدىن ئەينەك قاچىغا سالىمىز.

ئاندىن پۇرچاق چىلاشقۇدەك سۇ قۇيىمىز.

بالىنى ھەر كۈنى پۇرچاقنىڭ ئۆزگىرىشىنى كۆزەتكۈزىمىز.

بالىغا ياردەملىشىپ، «ماشنىڭ بىخلىنىشىنى كۆزىتىش خاتىرىسى» يازىمىز. ئەگەر بالا خەت يازالمىسا، ماشنىڭ ھەر كۈندىكى ئۆزگىرىشىنى سىزغۇزساقمۇ بولىدۇ.



پەقەت باياشات ئائىلىلەرلا بالىنى ياخشى تەربىيەگە ئېرىشتۈرەلەيدۇ، ئاتا - ئانىسى بالىنىڭ ياخشى مۇئەللىمى بولالايدۇ دېيىش خاتا، مول بىلىم بىلەن بالا تەربىيەلەش پۇل - مېلى بولۇشتىن مۇھىم. بالىلىق ھېسسىيات ئەقلىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئۆگىنىش قىزغىنلىقى كۆپىنچە ئەھۋالدا ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزۈش، ئەمەلىي نەرسىلەر بىلەن ئۇچرىشىش جەريانىدا قەدەممۇقەدەم شەكىللىنىدۇ. شۇڭا ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى ياخشى تەربىيەلەش ئۈچۈن قوللىنىدىغان ئەڭ ياخشى ئامالى ئاقسۆڭەكلەر يەسلىسىگە ئاپىرىپ بېرىش بولماستىن، ئۆزى ئۆگىنىپ، بالا بىلەن ئويۇن ئويناش جەريانىدا ئۆگىتىشتۇر. بۇنداق ئۆگەتسە يەسلىگە بارغاندىن كۆپ ئۆگىنەلەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

# 2 - بۆلەك

## ئىقتىدار تەربىيەسى

### 3. بالىلارنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى ئېچىش

ئىنسانلارنىڭ سىرتقى دۇنيانى بىلىشىنىڭ فىزىيولوگىيەلىك ئاساسى كۆرۈش سېزىمى، ئاڭلاش سېزىمى، تېگىش سېزىمى، پۇراش سېزىمى بولۇپ، بالىلارنىڭ بۇ سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ يېتەرلىك غىدىقلىنىشى چوڭ مېڭىسىنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنىڭ ئېچىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئەگەر بالدۇرراق ئېچىلمىسا ۋە پايدىلىنىلمىسا، بالا تەرەققىي قىلىش پۇرسىتىدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ قېلىشى مۇمكىن، شۇڭا بالىنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى ئامال بار بالدۇر ئېچىش كېرەك.





# يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق قىزىل ۋە سېرىق رەڭنى ئەڭ ياخشى كۆرىدۇ




كىچىك كارل ئىككى- ئۈچ ھەپتىلىك بولغاندا، كارل ۋىتېر ئۇنىڭغا رەڭگارەڭ رەختلەردىن تىكىلگەن ئاسلان، كۈچۈك، زىراپە قونچاقلارنى ئېلىپ بەردى. كارل ۋىتېر بۇ قونچاقلارنى كىچىك كارلنىڭ ئەتراپىغا تىزىپ، قونچاقلارنى يۆتكەپ ئۇنىڭ كۆرۈش سېزىمىنى غىدىقلايتتى. كارل ۋىتېر يەنە دائىم ئۈچ قىرلىق پىرىزما ئارقىلىق تامغا ھەسەن- ھۈسەن چۈشۈرۈپ، كىچىك كارلغا كۆرسىتەتتى، كىچىك كارل ھەسەن- ھۈسەننى بەك ياخشى كۆرەتتى، ئۇ يىغلىغاندا، ھەسەن- ھۈسەننى كۆرسىلا يىغىدىن توختايتتى.




يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقتا كۆرۈش سېزىمى بولىدۇ، يېرىم ياشقا توشمىغان بالىلار قىزىل، سېرىق، يېشىل ئۈچ خىل رەڭنى ئەڭ ياخشى كۆرىدۇ. مۇشۇ خىل رەڭدىكى كۆركەم ئويۇنچۇقلار بالىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ ھەم ئۇلارنى خۇشال قىلىدۇ. بالىغا كۆركەم، رەڭدار ئويۇنچۇقلارنى كۆپرەك سېتىۋېلىپ ئويناتقاندا، ئۇنىڭ كۆرۈش سەزگۈسىنى غىدىقلىغىلى بولىدۇ.

يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ كۆرۈش سەزگۈسىنى چېنىقتۇرغاندا، دائىم ئويۇنچۇقلارنىڭ ئورنىنى ئۆزگەرتىپ تۇرۇش كېرەك. بۇ بالىنىڭ ئالغاي بولۇپ قېلىشىدىن، يەنە كۈچلۈك نۇرنىڭ بالىنىڭ كۆزىگە تەسىر قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈندۇر. تۆت ياشقا توشمىغان بالىلارنىڭ كۆرۈش سىستېمىسى تېخى مۇكەممەل يېتىلىپ بولالمىغان بولىدۇ، شۇڭا ئاتا- ئانىلار بالىنىڭ كۆزىنى ئاسراشقا دىققەت قىلىشى كېرەك. يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ كۆزى ئاسان چارچايدۇ، ئادەتتە ھەر قېتىملىق مەشىقلەندۈرۈش ۋاقتى بەش مىنۇتتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك.

www.uyghurkitap.com






# رەڭدار توپ



ماس كېلىدىغان يېشى: 0 ~ 1 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: قىزىل، سېرىق، يېشىل رەڭلىك توپتىن بىر نەچچە تال

ئويناش ئۇسۇلى

1. يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ قورسىقى تويغاندىن كېيىن، ئون مىنۇتتىن يېرىم سائەتكىچە ئويغاق ۋاقتى بولىدۇ. ئاتا - ئانىلار بۇ ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، بالىنىڭ كۆرۈش سەزگۈسىنى چېنىقتۇرسا بولىدۇ.

2. بالىغا ئون بەش - يىگىرمە سانتىمېتىرچە ئارىلىقتىن توپنى مىدىرلىتىپ، بالىنىڭ دىققىتىنى تارتىمىز. بالىنىڭ كۆرۈش سىزىقى توپنىڭ يۆتكىلىشى بويىچە يۆتكىلىدۇ. ئوڭ - سول، يۇقىرى - تۆۋەن يۆنىلىشتە مىدىرلاتساق بولىدۇ.

دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

ھەر قېتىملىق مەشقلەندۈرۈش ۋاقتى ئون بەش مىنۇتتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك.

# بىرلىكتە كىنو كۆرۈش

ماس كېلىدىغان يېشى: ئالتە ئايلىقتىن يۇقىرى

ئويناش ئۇسۇلى

1. بالىنىڭ كەيپىياتى ياخشى چاغدا، تېلېۋىزورنى ئېچىپ، سۈرىتى مۇقىم، سۆزۈكلۈكى يۇقىرى پىروگراممىنى بالىغا كۆرسىتىمىز.

2. تېلېۋىزور كۆرگەندە بالىغا سۈرەتتىكى شەيئىلەرنىڭ ئىسمىنى دەپ بېرىمىز.

دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

بالىنىڭ تېلېۋىزور بىلەن بولغان ئارىلىقى بەك يېقىن بولۇپ كەتمەسلىكى، كۆرۈش ۋاقتى بەك ئۇزۇن بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك. ئارىلىقى ئىككى - ئۈچ مېتىر، كۆرۈش ۋاقتى 5~ 10 مىنۇت ئەتراپىدا بولسا مۇۋاپىق.

تېلېۋىزورنىڭ سۈرىتى سۈزۈك بولۇشى، ئۆزگىرىش تېز بولماسلىقى، ئاۋازى بەك يۇقىرى ياكى تۆۋەن بولماسلىقى كېرەك.



www.uyghurkitap.com

# رەڭ تېپىش



ماس كېلىدىغان يېشى: 12 ~ 18 ئايلىققىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: بىر نەچچە تال قىزىل، سېرىق، كۆك، يېشىل رەڭلىك قەغەز، بىر تال قەغەز قۇتا

ئويناش ئۇسۇلى

ئاتا ـ ئانىلار بالىغا قەغەزدىكى رەڭلەرنى تونۇتقۇزىدۇ. مەسىلەن: «بالام، بۈگۈن بىز بىر نەچچە خىل رەڭلەر بىلەن تونۇشىمىز. قىزىل، سېرىق، كۆك، يېشىل» دېگەندەك.

ئاتا ـ ئانىلار رەڭلىك قەغەزلەرنى قۇتىغا سېلىپ، ئاندىن قۇتا ئىچىدىن خالىغانچە ئالىدۇ، بالا قايسى رەڭ ئىكەنلىكىنى دەيدۇ ياكى بولمىسا ئاتا ـ ئانىلار رەڭنى ئېيتىدۇ، بالا قۇتا ئىچىدىن شۇ خىل رەڭلىك قەغەزنى ئالىدۇ.

ئاتا ـ ئانىلار رەڭنى ئېيتقاندا، ئاستا ھەم ئۇرغۇلۇق ئېيتىشى كېرەك، بۇنداق قىلىش بالىنىڭ ئاڭلىغان گەپلەرنى پەرق ئېتىشى ۋە ئىنكاس قايتۇرۇشىغا پايدىلىق.

بالا رەڭگىنى توغرا ئېيتالىسا ياكى توغرا ئالالىسا، ئاتا ـ ئانىلار ۋاقتىدا ئىلھاملاندۇرۇشى ھەم ئويۇننى قايتا ـ قايتا ئوينىتىشى لازىم.



بالىغا رەڭ تونۇتقاندا، ئەڭ ياخشىسى قىزىل، سېرىق، كۆك، يېشىل تۆت خىل ئاساسلىق رەڭنى ئاساس قىلىش، ئالدى بىلەن ئىككى خىل رەڭدىن باشلاپ، قىيىنلىق دەرىجىسىنى تەدرىجىي كۆچەيتىپ، ئۈچ ـ تۆت خىل رەڭگە كۆپەيتىش، كېيىنچە تېخىمۇ كۆپ خىل رەڭگە كۆپەيتىش كېرەك. تەتقىقاتتا ئىسپاتلىنىشىچە، يېڭى تۇغۇلغان بالىلارنىڭ رەڭسىز رەسىملەرگە بولغان سەزگۈرلۈكى كۈچلۈك بولىدىكەن. شۇڭا بالا ئۇ يەر ـ بۇ يەرگە قارايدىغان بولغاندا، ئانىسىنىڭ ياكى دادىسىنىڭ چوڭراق رەڭسىز رەسىمنى بالىغا كۆرسىتىپ تۇرۇش كېرەك. بالىنىڭ تونۇش نەرسىلەرگە دىققىتىنى قارىتىش ۋاقتى قىسقا بولىدۇ، شۇڭا ھەر ئۈچ ~ تۆت كۈندە رەسىمنى ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش كېرەك.



# بالىغا رەڭگارەڭ دۇنيانى كۆرسىتىش




كىچىك كارل ئۈچ ئايغا توشمىغان چاغدىلا كارل ۋىتېر ئۇنىڭ ھۇجرىسىنىڭ تۆت تېمىغا ھەر خىل داڭلىق رەسىملەرنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسى ۋە داڭلىق ئويما ئەسەرلەرنىڭ تەقلىدىي نۇسخىسىنى ئېسىپ قويغان ئىدى. كارل ۋىتېر رەسىم سىزىشنى ئازراق بىلەتتى. ئۇ چىرايلىق ئوت-چۆپلەر ۋە قۇش-ھايۋاناتنىڭ رەسىمىنى سىزىپ، كىچىك كارلغا كۆرسىتەتتى، يەنە رەسىملىك كىتابلارنىمۇ كۆرسىتەتتى. كارل ۋىتېر رەڭگارەڭ توپ ۋە تاشلارنى، ھەر خىل رەڭلەردىكى كىيىم كىيگۈزگەن لاتا قونچاقلارنى سېتىۋېلىپ، كىچىك كارل بىلەن ئوينايتتى.

كىچىك كارل تەمتىلەپ ماڭالايدىغان بولغاندىلا، كارل ۋىتېر ئۇنى سەيلە قىلدۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئاسماننىڭ، دەل-دەرەخلەر، گۈل گىياھلارنىڭ، دالانىڭ، قۇرۇلۇشلارنىڭ ۋە ئادەملەرنىڭ كىيىملىرىنىڭ رەڭگىگە دىققەت قىلغۇزاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى كىچىك كارلنىڭ رەڭ سېزىمىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىدى.




كۆرۈش سېزىمىنى چېنىقتۇرۇش بالىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدار دەرۋازىسىنى ئېچىشنىڭ مۇھىم بىر قەدىمى. بالىغا رەڭ تونۇتۇشنى كىچىكىدىن باشلاش كېرەك. ئەگەر كىچىكىدىن باشلىسا، بالا چوڭ بولغاندا رەڭگە نىسبەتەن سەزگۈر بولماي قېلىشى مۇمكىن. بۇ ئىنتايىن مۇھىم. كىچىك بالا ئۇچۇق رەڭلىك نەرسىلەرنى، سۈزۈك ھەم چوڭ رەسىملەرنى كۆرۈشنى، ھەرىكەتلىنەلەيدىغان، ئورنى ئېنىق نەرسىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ. ئاتا-ئانىلار بۇ ساۋاتلارنى بىلىشى، بالىنىڭ كۆرۈش سەزگۈ ئىقتىدارىنى كىچىكىدىن باشلاپ يېتىلدۈرۈشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بالىغا ھەر خىل رەڭلەرنى تونۇتۇپ، ئۇنىڭ كۆزىتىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇل. بۇنداق قىلغاندا بالىنىڭ سەنئەت تۇيغۇسى كۈچىيىپلا قالماي، تۇرمۇشنىڭ گۈزەللىكىنى بايقىشىغا ۋە چۈشىنىشىگىمۇ پايدىسى بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com






# قىزىل چىراغ

ماس كېلىدىغان يېشى: 1 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

يولدىن ئۆتكەندە بالىغا تۆت كوچا ئېغىزىدىكى قىزىل چىراغنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭغا: «قىزىل چىراغتا توختاپ يېشىل چىراغتا ماڭىمىز، سېرىق چىراغ يانغاندا توختاپ تۇرىمىز» دېگەننى ئۆگىتىمىز، ھەم بالىغا قايسىسىنىڭ قىزىل چىراغ، قايسىسىنىڭ يېشىل چىراغ، قايسىسىنىڭ سېرىق چىراغ ئىكەنلىكى دەپ بېرىمىز.

ئۆيدە قىزىل چىراغ ياساپ، «قاتناش ساقچىسى»، «يولۇچى» بولۇپ رول ئېلىپ، ئويۇن ئويناپ، بالىنىڭ قاتناش قائىدىسىگە رىئايە قىلىش ئېڭىنى ئۆستۈرىمىز.



# رەڭ تېپىش

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى



1. ئاۋۋال بالىغا ئۆي ئىچىدىكى ئۆي جاھازىلىرى، ئۈستەل - ئورۇندۇق، دېرىزە پەردىسى، گۈل - گىياھلارنىڭ رەڭگىنى تونۇشنى ئۆگىتىمىز. بالا كۆپ قىسىم نەرسىلەرنىڭ رەڭگىنى بىلەلەيدىغان بولغاندا ئويۇن ئوينايمىز.

2. «ئۆيدىكى قايسى نەرسىلەر يېشىل؟» دەپ سورىساق، بالا يېشىل رەڭلىك جىسىملارنى كۆرسىتىدۇ. يەنە باشقا رەڭلىك جىسىملاردىن قايسىلار بارلىقىنى سوراپ، تەرتىپ بويىچە ئوينايمىز.

3. بالا رەڭلىك جىسىمنى توغرا كۆرسەتكەندە، بالىنى ۋاقتىدا تەقدىرلەيمىز؛ ئەگەر بالا دەماللىققا تاپالمىسا، سەۋر قىلىپ ساقلايمىز، بالىنى رىغبەتلەندۈرىمىز، يېتەكلەيمىز. بالىنى ئالدىرىتىپ، جىددىيلەشتۈرۈشكە بولمايدۇ، تەنقىدلەشكە تېخىمۇ بولمايدۇ.

4. تەبىئەت رەڭگارەڭ بولىدۇ. ھاۋا ئوچۇق چاغدا بالىنى باغچە ياكى شەھەر سىرتىغا ئېلىپ چىقىپ، كۆك ئاسمان، ئاق بۇلۇت، يېشىل دەرەخ، يېشىل مايسا، زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇ ۋە رەڭگارەڭ گۈللەردىن ھۇزۇرلاندۇرۇش كېرەك.





بۇ ئويۇنلار قارىماققا ئاددىيدەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن بالىلارنىڭ كۆرۈش ئىقتىدارى، ئاڭلاش ئىقتىدارى، كۆزىتىش ئىقتىدارى، شۇنداقلا ئىنكاس قايتۇرۇش ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرىدۇ. ئويۇن جەريانىدا ئاتا - ئانىلار سەۋرچان بولۇشى، بالىنى ماختاپ تۇرۇشى، بالىنى ئويۇنغا قىزىقتۇرۇشى كېرەك.

# بالىغا رەڭ پەرقلەندۈرۈشنى ئۆگىتىش




كارل ۋېتىر كىچىك كارل بىلەن ئەتراپىدىكى جىسىملارنى ئويۇنچۇق قىلىپ ئويناشقا ماھىر ئىدى، مەسىلەن: رەڭلىك موم قەلەم بىر ياخشى ئويۇنچۇق ئىدى. كارل ۋېتىر بىر ۋاراق ئاق قەغەز ئېلىپ، يېشىل رەڭلىك موم قەلەم بىلەن بىر ئۇزۇن سىزىق سىزسا، كىچىك كارل موم قەلەم قۇتىسىدىن يېشىل رەڭلىك موم قەلەمنى توغرا تاللاپ، ئوخشاش سىزىقتىن بىرنى سىزاتتى. ئارقىدىن كارل ۋېتىر باشقا رەڭلىك موم قەلەم بىلەن باشقا بىر سىزىق سىزاتتى، كىچىك كارلمۇ ئوخشاش رەڭلىك موم قەلەمنى تېپىپ، بىر سىزىق سىزاتتى. ئىككىسى مۇشۇنداق سىزىپ ئوينايتتى. كىچىك كارل رەڭنى خاتا تاللاپ قالسا، ئۈزتتۈرغان بولاتتى.




كارل ۋېتىرنىڭ كىچىك كارل بىلەن ئوينىغان بۇ ئويۇنى كىچىك كارلنىڭ قول سېلىپ ئىشلەش ئىقتىدارىنى كۈچەيتتى. ئۇنىڭ بارماقلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، باش بارماق، كۆرسەتكۈچ بارماق ۋە ئوتتۇرا بارماقلىرىنىڭ ماسلىشىش ئىقتىدارىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈردى. كىچىك كارل ئوخشىمىغان رەڭلەرنى توغرا پەرقلەندۈرەلەيدىغان بولدى، ئۇنىڭ رەڭگە بولغان سەزگۈ ئىقتىدارى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، رەڭ ۋە رەسىمگە بولغان قىزىقىشى دەسلەپكى قەدەمدە يېتىلدى، بۇ چوڭ مېڭىنىڭ يېتىلىشىگە پايدىلىق ئىدى.








# بوياش



ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: رەسىم دەپتىرى

ئويناش ئۇسۇلى

1. بالىغا بويايدىغان رەسىم دەپتىرى تەييارلاپ بېرىلىدۇ، ئەگەر ئاتا ـ ئانىلار رەسىم سىزالىسا ئۆزى سىزىپ، بالىغا بوياتسىمۇ بولىدۇ.

2. بالا ئوت ـ چۆپلەرنى قىزىل رەڭدە، ئاسماننى قارا رەڭدە بويىغان تەقدىردىمۇ، ئاتا ـ ئانىلار بالىنىڭ ئويلىغىنىغا ھۆرمەت قىلىشى، ئارىلىشىۋالماسلىقى كېرەك. ھەيران قېلىش، ئەيىبلەش بالىنىڭ تەسەۋۋۇرىنى بوغىدۇ. بالىغا ئويلىغانلىرىنى چۈشەندۈرۈش پۇرسىتى بېرىش كېرەك.

3. رەسىم سىزىش بالىنىڭ رەڭ تونۇش ۋە تەسەۋۋۇر كۈچىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىنىڭ ياخشى ئۇسۇلى، ئاتا ـ ئانىلار بالىنىڭ تەسەۋۋۇرىنى بوغۇۋالماي، بالىنىڭ دادىل، خىيالىغا كەلگىنى بويىچە سىزىشىغا يول قويۇشى كېرەك.

www.uyghurkitap.com

# بۇرۇت سىزىش

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: ھەر خىل رەڭلىك قىياملار

ئويناش ئۇسۇلى



1. ئاتا ـ ئانىلار ئائىلىدىكى ھەر خىل رەڭلىك قىياملارنى، مەسىلەن: قايماق، شاكىلات قىيامى، شوخلا قىيامى، قاتارلىقلارنى سولياۋ ياكى قەغەز ئىستاكانغا ئاز ـ ئازدىن ئالىمىز. بالىنىڭ تاسادىپيي يارىلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئەينەك ياكى فارفۇر ئىستاكانغا سېلىشقا بولمايدۇ.

2. ئاتا ـ ئانىلار بالىنى ئۆزىنىڭ باشقىلارنىڭ يۈزىگە قىيام سۈركەپ ئويناشقا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك، ئەگەر بالا قانداق سۈركەشنى بىلمەي قالسا، ئاتا ـ ئانىلار ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلسا بولىدۇ، مەسىلەن: ساقال ـ بۇرۇت سىزىش، كېپىنەك قاناتلىرىنى سىزىش قاتارلىقلار. كۆزگە سۈركىمەسلىك كېرەك.

كۆلكە ئىچىدە ئوينالغان ئويۇننى بالا بەك ياقتۇرىدۇ. بۇنداق ئويۇننى بالا قىزىقىپ، بېرىلىپ ئوينايدۇ. ئويۇن ئارىسىدا رەڭ تونۇتۇش، رەڭلەرنى ئىشلىتىشنى ئۆگىتىش ئۇنۇملۇك ئۇسۇل.

# رەسىم تېپىش

ماس كېلىدىغان يېشى: **1 ~ 6** ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: ھەر خىل جىسىملار بار رەسىم

ئويناش ئۇسۇلى

**1**. رەسىم ئىچىدىن بالىغا تۆت ـ بەش خىل نەرسىنى تاپقۇزىمىز.

**2**. تاپقان نەرسىلەرنى باشقا قەغەزگە چوڭايتىپ سىزىپ، بالىغا ئوخشىمىغان رەڭلەردە بوياتقۇزىمىز.

**3**. بالا خالىغانچە بويىسا بولىدۇ. رەسىمدە قانداق رەڭلىك بولسا شۇنداق بويايسەن دەپ تۈرۈۋالماسلىق كېرەك.



تۆت ياشتىن بۇرۇنقى مەزگىل بالىلارنىڭ شەكىللەرنى كۆرۈش سەزگۈسى تەرەققىي قىلىدىغان ھالقىلىق مەزگىل. بالا تۆت ئايلىق بولغاندا رەڭ سېزىمى يېتىلىدۇ. تۆت ياش ۋاقتىدا سىزغان رەسىملىرى كونكرېتلىشىدۇ، ھەم سىزىش ئۇسۇلىمۇ بىر قەدەر مۇقىم بولىدۇ. بىراق ئۇلار ئۆزى ئالاھىدە دىققەت قىلغان نەرسىلەرنى چۈشەنمەي تۇرۇپمۇ ماختايدۇ. تۆت ياش چېغىدىن باشلاپ، كۆزىتىش، تەسەۋۋۇر ۋە يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى ئاڭلىق يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ. ئەگەر بالىنىڭ رەسىم سىزىشقا ھەۋىسى كۈچلۈك بولسا، بالىنى رەسىم كۇرسلىرىغا بەرسىمۇ بولىدۇ.

# جىم تۇرمايدىغان كىچىك قول




بالىنىڭ قولىنى ھەرىكەتلەندۈرۈشى دوراشتىن باشلىنىدۇ. بوۋاقنىڭ ئۆزىنىڭ قولىنى تونۇشقا ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار قولىنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى بالىغا داۋاملىق كۆرسىتىپ تۇرسا، بالا ئۆزىنىڭ قولىنى بالدۇرراق تونۇيالايدۇ. شۇڭا كارل ۋېتىر كىچىك كارل ئويغانغاندا، ئۇنىڭ قولىغا بىر نەرسە تۇتقۇزۇپ قوياتتى. كارل ۋېتىر ئوغلىنىڭ قولىنىڭ ھەرىكەتلىنىپ تۇرۇشى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا بەزى نەرسىلەرنى سىيلاتقۇزاتتى ياكى چاۋاك چالغۇزاتتى.

كارل ۋېتىر دائىم كىچىك كارلغا قولىنىڭ نۇرغۇن رولى بارلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن تىرىشاتتى. ئۇ كىچىك قوڭغۇراقنى جىرىڭلاتقاندا ئوغلى خۇش بولۇپ، ئۇسسۇل ئوينىغاندەك قولىنى پۇلاڭلىتاتتى. كىچىك كارل 8 ~ 9 ئايلىق بولغان چاغدا، كارل ۋېتىر ئىككى تال موم قەلەم ۋە ئىككى ۋاراق قەغەزنى ئېلىپ، بىر يۈرۈشنى ئوغلىغا بەرگەن بولۇپ، ئۇ رەسىم سىزسا، كىچىك كارل قەغەزگە قالايمىقان جىجىلايتتى. گەرچە كىچىك كارل ھېچ نەرسىنى سىزالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇ ئارقىلىق قولىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا باشلىغان ئىدى.




ئۆزى قول سېلىپ ئىشلەش بالىلارنىڭ كۆزىتىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ. ئۈچ ئايلىق بولغان بوۋاق دائىم مۇشتۇمىنى تۈگۈۋالىدۇ، ھاياجانلانغاندا تېخىمۇ چىڭ تۈگىدۇ. پەقەت ھېچقانداق غىدىقلاش بولمىغان ئەھۋالدىلا ئالقىنىنى ئېچىشى مۇمكىن. ئۈچ ئايدىن كېيىن بالا ئاستا ـ ئاستا قولىنى ئاچىدىغان بولىدۇ. لېكىن بالا بۇ چاغدا ھەتتا ئۆزى بىلەن ئەتراپتىكى مۇھىتنى ئايرىۋالالمايدۇ، ئۇنىڭ كاللىسىدا ئۆزى بىلەن ئەتراپىدىكى مۇھىت بىر گەۋدە بولۇپ بىلىنىدۇ. شۇڭلاشقا بالىغا ئۆزىنىڭ قولىنى ھېس قىلدۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا قولىنىڭ نۇرغۇن ئىقتىدارى بارلىقىنى بىلدۈرۈش ناھايىتى مۇھىم.

ئاتا ـ ئانىلار ھەركۈنى بالىسىنىڭ بارماقلىرىنى، ئالقانلىرىنى قايتا ـ قايتا ئۇۋۇلاپ بەرسە ياكى بالىنىڭ قولىغا كىچىك قوڭغۇراقتا ئوخشاش ئاۋاز چىقىرالايدىغان ئويۇنچۇقلارنى تۇتقۇزۇپ، بىردەمدىن كېيىن ئويۇنچۇقنى ئېلىۋېلىپ، ئاندىن يەنە بالىغا تۇتقۇزۇپ. . . دېگەندەك بۇ ھەرىكەتنى كۈندە ئون قېتىم ئەتراپىدا مەشىقلەندۈرگەندە، بالىغا نەرسىلەرنى ئۆز قولى بىلەن تۇتۇشنىڭ تەمىنى ھېس قىلدۇرغىلى ھەم قولىنىڭ چىڭ تۇتۇش ۋە قويۇۋېتىش ئىقتىدارىنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى








# بېلىق تۇتۇش

ماس كېلىدىغان يېشى: 1 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: بىر داس سۇ، سولياۋ بېلىق، كىچىك تاش

ئويناش ئۇسۇلى

1. سولياۋ بېلىق ۋە كىچىك تاشلارنى داستىكى سۇغا سالىمىز. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە سولياۋ سۇ ئۈسۈملۈكلىرىنى سالساقمۇ بولىدۇ.

2. بالىنى داسنىڭ قېشىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭغا سۇدىكى بېلىقلارنى سۈزۈپ ئالغۇزىمىز.

3. سۇ ئويناش بالىلارنىڭ تۇغما خاراكتېرى. ئاتا - ئانىلار بالىنىڭ ئۆينى ۋە باشقا نەرسىلەرنى ھۆل قىلىۋېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن داسنى تازىلىق ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرسا بولىدۇ. بالىغا ھەمراھ بولۇپ ئۇنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.



4. بەلكىم بالا بېلىققا ئەمەس كىچىك تاشلار ياكى سۇ ئۈسۈملۈكلىرىگە قىزىقىشى مۇمكىن، بۇنداق بولسىمۇ ھېچقىسى يوق، چۈنكى بۇ ئويۇن بالىنىڭ قولىنىڭ نەرسىلەرنى تۇتۇش ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرىدۇ، بالا پەقەت ئويناشقا قىزىقسىلا بولىدى.

5. ئەگەر بالىنىڭ يېشى چوڭراق بولسا، ئاتا - ئانىلار ئۇنىڭغا داس ئىچىدىكى بارلىق بېلىقلارنى تۇتۇپ تۈگەتكۈزسە تامامەن بولىدۇ. بۇ ئارقىلىق بالىنىڭ كۆزى بىلەن قولىنىڭ ھەمكارلىق ئىقتىدارىنى شۇنداقلا ئۆزىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى، بالىدا سەۋر - تاقەت، ئەستايىدىللىق، بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالايدىغان ياخشى ئادەت ۋە خاراكتېرنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# سىلاپ ھېس قىلىش

ماس كېلىدىغان يېشى: 0 ~ 3 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

بۇ ئويۇننى بالا ئويغاقلا بولسا، ھەرقانداق ۋاقىتتا ئويناشقا بولىدۇ.

ئاتا ـ ئانىلار بالىغا بىلەن بىللە بۇ ئويۇننى ئوينىسا بولىدۇ. مەسىلەن: بالىغا مۇز پارچىسىنى سىلاتقۇزۇپ، بالا نېمىنىڭ سوغۇق ئىكەنلىكىنى، ئىسسىقلىق ساقلاش خالتىسىنى سىلاتقۇزۇپ نېمىنىڭ ئىسسىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگىلى بولىدۇ.



لۆڭگە ھۆل، كارىۋات يапقۇچ قۇرۇق، سېغىز لاي يۇمشاق، ئەينەك سىلىق ھەم پارقىراق، گىلەم تۈكلۈك، بۇلۇت ئېلاستىكلىق، ئۇن تالقان شەكىلدە بولىدۇ. . .

سىلاش، تۇتۇش جەريانىدا ئاتا ـ ئانىلار بالىغا مەزكۇر شەيئىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، سىلاپ تۇتقاندىكى ھېسسىياتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىش لازىم. ئەگەر بالا گەپ قىلالىغۇدەك بولغان بولسا، بالىغا قايتا ـ قايتا ھېس قىلدۇرۇش كېرەك.

سىرتلارغا چىققان چاغدا، بالا تۇتماقچى بولغان نەرسە ئازراق مەينەت بولسىمۇ، لېكىن بىخەتەر بولسا بالىنى توسماسلىق كېرەك، لېكىن ھۆل قەغەزنى ياندىن ئايرىماي، بالىنىڭ قولىنى پات ـ پات پاكىزلاپ تۇرۇش كېرەك.





بالا ئۈچ ئايلىق بولغاندا ئىككى قولى بىلەن نەرسىلەرنى تۇتالايدىغان، چىڭ قۇچاقلىيالايدىغان بولىدۇ. ئەگەر بالا قولىنى ئېغىزىغا ئاپىرالىسا، ئۇ تۇغما خاراكتېرىنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن قولىنى «يېيىشكە» باشلايدۇ، ئۇنىڭ ئېغىزىدىكى ھېس ـ تۇيغۇ ئۇدۇل بالىنىڭ كىچىك مېڭىسىگە توشۇلۇپ، ئۇنىڭغا ناھايىتى قىزىقارلىق تۇيغۇلارنى ئاتا قىلىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار قولىنى ئەممەيدىغان بالىلارنىڭ قولىنى بىكار تۇرغۇزماسلىقى كېرەك.



# بالىنى تەبىئىي يېمەكلىكلەر بىلەن ئۆزۈۋالاندۇرۇڭ




كارل ۋېتىر بالىلارغا ھەر خىل تەملەرنى تېتىتقۇزۇپ، ئۇلارنىڭ تەم سەزگۈسىنى غىدىقلاشنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بالىلارغا نورمال، تەبىئىي يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلغۇزۇشنى ئاساس قىلىش، زىيادە تاتلىق، تۇزلۇق ياكى ئاچچىق يېمەكلىكلەرنى يېگۈزمەسلىك كېرەك دەپ قارايدۇ. ئەگەر بالا تاتلىق ۋە تۇزلۇق يېمەكلىكلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلسا ئاسانلا ئادەت شەكىللىنىدۇ ھەم بەدەنگە زىيان يېتىدۇ، ئەسلىي تەمدىكى يېمەكلىكلەر بالىلارنىڭ ئەڭ ياخشى تەم سەزگۈسىنى ساقلايدۇ. كىچىك كارل سۈت ئىچىشنى بەك ياخشى كۆرگەچكە، كارل ۋېتىر سۈتكە شېكەرنى كۆپ قوشقان - قوشمىغانلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلاتتى.

كىچىك كارل تۇغۇلغان دەسلەپكى يېرىم ئاي ئىچىدە، كارل ۋېتىر ئەر - خوتۇن ئۇنىڭغا ۋاقتى - قەرەلىدە سۈت ۋە سۇ ئىچۈرۈپ، ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى قېلىپلاشتۇرغان. كىچىك كارل تۆت ئايلىق بولغاندىن تارتىپ، ئۇنىڭغا سۈت ئىچۈرۈشتىن بۇرۇن ھەسەل شەربىتى بەرگەن، كېيىن ئۇنىڭغا يەنە كۆكتات شەربىتى، سەۋزە شەربىتى، كەرەپشە سۈيى قاتارلىقلارنى بەرگەن. كىچىك كارل يەنە ئازراق چوڭ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا شورپا ئىچۈرگەن، ياڭيۇ، تۇخۇم قاتارلىقلارنى يېگۈزگەن. كارل ۋېتىرنىڭ خانىمى بىر نەچچە خىل كۆكتاتلاردىن كۆكتات شورپىسى تەييارلاپ كىچىك كارلغا ئىچۈرگەن، بۇ خىل شورپىغا ھېچقانداق تېتىتقۇ قوشۇلمايتتى.




بالىلارنىڭ ئۆزۈۋالۇقى تەبىئىي بولۇشى كېرەك. تەبىئىي يېمەكلىكلەر قۇۋۋەتلىك ھەم ئۆزۈۋالۇق قىممىتى يۇقىرى بولىدۇ. ئەگەر بالىغا باشتىلا تېتىتقۇ قوشۇلغان يېمەكلىكلەر بېرىلسە، بۇ بالىنىڭ ساغلاملىقىغا تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، بالىنىڭ تەم سەزگۈسىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، تاماق تاللايدىغان قىلىپ قويىدۇ. چوڭلار دەيدىغان «قىرقى ئىچىدە ھەممە نەرسىنى يېگۈزۈپ قويمىسا، تاماق تاللايدىغان بولۇپ قالىدۇ» دېگەن گەپنىڭ ئىلمىي ئاساسى يوق. شۇڭلاشقا بالىنى ئۆزۈۋالاندۇرغاندا چوڭ ئادەمنىڭ تەم نۇقتىسىدىن مۇئامىلە قىلماي، تەبىئىي يېمەكلىكلەرنى يېيىشكە كۆندۈرۈش لازىم.

يېمەكلىكلەرنىڭ ئەسلىي تەمى گەرچە سۇس ياكى قىرتاقراق بولسىمۇ، لېكىن ھەرگىز تەمسىز ھېسابلاشقا بولمايدۇ. بالىلار چوڭلاردەك تەمگە نىسبەتەن سەزگۈر ئەمەس. لېكىن شۇنداقتىمۇ تۆت ئايلىق بولغاندىن باشلاپ بالىلارغا ھەر خىل تەمنى تېتىتقۇزۇش لازىم. بالىغا كىچىكىدىن تارتىپ ھەر خىل تەمنى تېتىتقۇزغاندا، بالىلارنىڭ تەم ۋە تاماق تاللىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# يەپ بىلىش

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: ھەر خىل مېۋىلەر، پېچىنە ـ پىرەنىك، كەمپۈت

ئويناش ئۇسۇلى

1. بىر نەچچە خىل تەمى ۋە قاتتىق ـ يۇمشاقلىقى ئوخشىمايدىغان مېۋە ۋە يېمەكلىكلەر تەييارلايمىز. مەسىلەن: ئالما، بانان، پېچىنە، مېۋە كەمپۈت، سۈت كەمپۈت قاتارلىقلار. بالىغا: «قوزام، بۈگۈن نەرسىلەرنى تېتىپ باقسەن، تېتىپ بولغاندىن كېيىن نېمە ئىكەنلىكىنى، تەمىنىڭ قانداقلىقىنى ماڭا ئېيتىپ بېرسەن» دېگەچ قول ياغلىق بىلەن بالىنىڭ كۆزىنى تېڭىپ قويىمىز.

2. ئالدى بىلەن بالىغا نەشپۈت، ئاپېلسىن، بانان، لىمون، ئالما، ئۈزۈم، تاۋۇز قاتارلىقلاردىن يېگۈزۈپ، يەۋاتقىنىنىڭ نېمە؟ تەمى قانداقكەن؟ دەپ سورايمىز.



3. ئۆلاپلا بالىغا پېچىنە يېگۈزۈپ، تاتلىق ياكى تۇزلۇقلىقىنى ئايرىتقۇزىمىز، ھەم ئوڭ قولىغا تاتلىق پېچىنىنى، سول قولىغا تۇزلۇق پېچىنىنى تۇتقۇزىمىز. يەپ بولغاندىن كېيىن، قايسى قولىدىكى تاتلىق پېچىنە، قايسى قولىدىكى تۇزلۇق پېچىنە ئىكەنلىكىنى ئېيتقۇزىمىز.

4. يەنە بالىغا قاتتىق ـ يۇمشاقلىقىنى ئايرىتىش ئۈچۈن، قاتتىق مېۋە كەمپۈت، يۇمشاق سۈت كەمپۈت بېرىمىز. بالا تېتىپ بولغاندىن كېيىن قايسىسىنىڭ قاتتىق، قايسىسىنىڭ يۇمشاق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

5. ئويۇننى ئاخىرلاشتۇرۇپ، قول ياغلىقنى ئېلىۋېتىپ، بايا يېگەن يېمەكلىكلىرىنى كۆرسىتىپ، قايسىسىنىڭ قانداق يېمەكلىك ئىكەنلىكىنى، تەمىنىڭ قانداقلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئېيتقۇزىمىز.

6. بۇ ئويۇننى بىر نەچچە كىچىك ئويۇنغا بۆلۈپ ئويىنىتىش كېرەك. ۋاقىت ئۇزۇن بولۇپ كەتسە، بالا ئويناشلىقى مۇمكىن. دەسلەپتە 2 ~ 3 خىل يېمەكلىك تەييارلاپ، كېيىنچە تۈرىنى كۆپەيتسە بولىدۇ.

# قۇرۇق مېۋىلەرنى تېتىپ بېقىش

ماس كېلىدىغان يېشى: **2 ~ 6 ياشقىچە**

كېرەكلىك نەرسىلەر: **2 ~ 3 خىل قۇرۇق مېۋە**

ئويناش ئۇسۇلى

يەر ياڭىقى، ياڭاق، بادام قاتارلىق ئۈچ خىل قۇرۇق مېۋىنى ئېلىپ، ئاتا ـ ئانىلار يېتەكچىلىك قىلىپ بالىغا مېۋىلەرنىڭ ئىسمىنى ئۆگىتىمىز.

ئالدى بىلەن بۇ ئۈچ خىل قۇرۇق مېۋىنىڭ تەمىنى بالىغا تېتىتقۇزۇپ، ئىسمىنى ئېيتقۇزىمىز.

بۇ ئۈچ خىل قۇرۇق مېۋىنىڭ مېغىزلىرىنى تەخسىگە ئارىلاشتۇرۇپ، بالا ھەربىر تال مېغىزنى يېگەندىن كېيىن، تەمىگە ئاساسەن خالتا ئىچىدىن شۇ خىل قۇرۇق مېۋىنى ئېلىشقا بۇيرۇيمىز.

ئويۇن ئويناۋاتقاندا ئاتا ـ ئانىلار بالىنىڭ يېنىدا تۇرۇشى، يەۋاتقاندا ئۆپكىسىگە كېتىپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىشى كېرەك.



تەم سېزىش تەرەققىياتى بىر قەدەر ئاستا جەريان، ئوغۇللارنىڭ تەم سېزىش تەرەققىياتى تېخىمۇ ئاستا بولىدۇ. شۇڭا بالىنىڭ تەم سېزىشنى كىچىكىدىن باشلاپلا تەرتىپلىك مەشىقلەندۈرۈش بەك مۇھىم. بالىنىڭ ئالتە ئايلىق بولغان ۋاقتى يېمەكلىكلەرنى چايناشنى ئۆگىنىشىنىڭ ئەڭ ھالقىلىق مەزگىلى. تەم سېزىمىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، ئاتا ـ ئانىلار بالىغا كۆپرەك نەرسىلەرنىڭ تېتىتقۇزۇشى ھەم ئۇنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكى، قانداق ئالاھىدىلىكى بارلىقىنى ئېيتىپ بېرىشى كېرەك.

# 2 - بۆلەك

## ئىقتىدار تەربىيەسى

### 4. بالىنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئۇسۇلغا دىققەت قىلىش كېرەك

ھەممە بالىنىڭ ئارتۇقچىلىقى بولىدۇ. ئاتا - ئانىلار بالىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرماقچى بولغاندا، بالىنىڭ ئەمەلىي سەۋىيەسى ۋە ئالاھىدىلىكىگە باغلاپ، ئۇنىڭغا ئەڭ ماس كېلىدىغان ئۇسۇلنى تاللاش كېرەك. ئويناش باللىق دەۋرىدىكى مۇھىم پائالىيەت، شۇنداقلا ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋە ئەڭ ئاددىي ئۆگىنىش ئۇسۇلى.





# بالىنىڭ ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش




كارل ۋىتىر ئوغلىنىڭ چۆچەك ۋە ئىنجىلدىكى ھېكايىلەرنى ئېسىدە ساقلىشى ئۈچۈن، مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى قارتا ئۈستىگە قىسقارتىپ يېزىپ قوياتتى. كېيىن ئوغلىغا ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تارىخىنى ئۆگەتكەن ۋاقتىمۇ يەنە شۇ ئۇسۇلنى قوللانغانىدى. يەنى دەسلەپتە ھېكايە سۆزلەش ئۇسۇلى بىلەن ئۆگىتەتتى، كېيىن ئۇنى قارتىغا ئۆزگەرتىپ، ئويناش ئۇسۇلى بىلەن ئۆگىتەتتى. بەزىدە ئۇ ئوغلى بىلەن بىللە بىر قىزىقارلىق كىتابنى ئوقۇپ، ھەم مۇھىم مەزمۇننى يېزىپ، كېيىن قايتىدىن دەپ باقاتتى.




بالىنىڭ ئالتە ياشتىن بۇرۇنقى مەزگىلى ئاساسلىقى مېخانىك ئەستە تۇتۇش مەزگىلى، يەنى بىز ئادەتتە ئېيتىدىغان «ئۆلۈك يادلاش» مەزگىلى. بالىلار بۇ چاغدا ئۆزى ئەستە ساقلىغان بىلىملەرنىڭ قانداق مەنىسى بارلىقىنى بىلمەيدۇ. ئالتە ياشتىن كىچىك بالىلار خېلى نەرسىلەرنى ئەستە تۇتالايدۇ. لېكىن تېخىمۇ زور مىقداردىكى ئۇچۇرلارنى ئەستە تۇتۇش ئۈچۈن، تېخىمۇ يۇقىرى دەرىجىدىكى ئەستە تۇتۇش ۋە لوگىكىلىق ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارى بولۇشى كېرەك. شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار بالىلار ئالتە ياشقا كىرىشتىن بۇرۇن، بالىنىڭ چۈشىنىپ ئەستە تۇتۇش ۋە لوگىكىلىق ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرۇشقا دىققەت قىلىشى كېرەك. ئەستە تۇتۇش تۇغما ئىقتىدار بولسىمۇ، لېكىن تەربىيەلەشنىڭ رولىغا ۋە مۇھىملىقىغا سەل قارىماسلىق كېرەك.






# بارماق چىقىرىش

ماس كېلىدىغان يېشى: **3 ~ 6 ياشقىچە**

ئويناش ئۇسۇلى

**1.** ئاتا ـ ئانىلار ئالدى بىلەن بەش خىل قول ئىشارىتىنى قىلىدۇ، بالا ئەستايىدىل كۆرىدۇ ھەم رەت تەرتىپىنى ئېسىدە ساقلىۋالىدۇ. كۆرسىتىپ بېرىۋاتقاندا، ئەگىشىپ قىلماسلىقى، ئاتا ـ ئانىسى قىلىپ بولغاندا ئاندىن رەت تەرتىپى بويىچە قىلىشى كېرەك.



**2.** بەش خىل قول ئىشارىتى مۇنداق: مۇشتىنى تۈگۈش، ئوتتۇرا بارماق ۋە بىگىز بارماقنى چىقىرىش (غەلىبە قىلىشنىڭ قول ئىشارىتى)، باش بارماقنىلا چىقىرىش (قالتىس دېگەن قول ئىشارىتى)، چىمچىلاقنى چىقىرىش، بەشىلا بارماقنى چىقىرىش.

**3.** ئەگەر بالا توغرا قىلالىسا ۋاقتىدا ماختاش، قىلالمىسا بالىغا يەنە كۆرسىتىپ قويۇش، سەۋرچانلىق بىلەن بالىغا قايتا ـ قايتا ئىشلىتىش كېرەك.

**4.** بەزى بالىلار بەلكىم بەش خىل قول ئىشارىتىنى ئەستە ساقلىيالماسلىقى مۇمكىن. بۇنداق ۋاقىتتا قول ئىشارىتىنى **3 ~ 4** كە ئازايتىپ، كېيىنچە يەنە بەشكە كۆپەيتسە بولىدۇ.

**5.** بالىنى بۇرۇن كۆرگەن قول ئىشارەتلىرىنى ئەسلەشكە ۋە ئىشلەپ بېقىشقا ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك.



# مېنىڭ ئۆيۈم بۇ يەردە

ماس كېلىدىغان يېشى: 4 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: رەسىم قەلىمى، ئاق قەغەز

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئاتا ـ ئانىلار ھەركۈنى ئازراق ۋاقىت چىقىرىپ، بالىنى ئۆينىڭ ئەتراپىدا سەيلە قىلدۇرىدۇ. سەيلە قىلدۇرۇش جەريانىدا، ئۆينىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىتنى تونۇشتۇرىدۇ.



2. ئاتا ـ ئانىلار ئۆينىڭ ئەتراپىدىكى بەلگە خاراكتېرلىك قۇرۇلۇشلارنى قايتا ـ قايتا تەكرارلاش ھەم بالىنى ئەگەشتۇرۇپ، ئېيتقۇزۇش لازىم.

3. ئەگەر تۆت كوچا ئېغىزى ياكى ئوڭ ـ سولغا ئەگىلىدىغان يەرگە كەلگەندە، بالىغا كۆپرەك چۈشەندۈرۈپ، بالىغا يۆنىلىشنى بىلدۈرۈش لازىم.

4. بالىغا ئۆي ئەتراپى خەرىتىسىنى سىزدۇرۇپ، ئۆينىڭ ئورنىنى كۆرسەتكۈزۈش كېرەك. ئاتا ـ ئانىلار كۆرسەتمە بەرسە بولىدۇ.

5. سىزىپ بولغاندىن كېيىن، ئەتراپتىكى قۇرۇلۇش ياكى ماگىزىنلاردا ئۆزگىرىش بولغان ـ بولمىغانلىقىنى ئەسكەرتىش، ئەگەر ئۆزگىرىش بولسا، خەرىتىنى قايتىدىن سىزغۇزۇش لازىم.



ئالتە ياشتىن كىچىك بالىلارنىڭ ئەستە ساقلاش ۋاقتى قىسقا بولىدۇ. ئۇلارغا بەزى مەزمۇنلارنى ئەستە ساقلىتىش ئۈچۈن، قايتا ـ قايتا تەكرارلىتىش لازىم. بالا ئاتا ـ ئانىسىغا ئەگىشىپ، قىسقا سۆز ـ جۈملىلەرنى ئوقۇغاندا، ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارى ۋە تىل ئىقتىدارى كۈچىيىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار دەسلەپتە ئاددىي سۆز ـ جۈملىلەردىن باشلاش، تەدرىجىي قىيىنلىتىش كېرەك، ئەلۋەتتە. قاپىيە، تىلغا ئاسان كېلىدىغان قوشاقلار ياكى بالىلار ناخشىلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلدۇرسىمۇ بولىدۇ، بىراق ھەرگىزمۇ بالىنى زورلىماسلىقى كېرەك.

www.uyghurkitap.com

# بالىغا ماس كېلىدىغان ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى تېپىش كېرەك




كارل ۋېتىر ئوغلى كىچىك چېغىدىلا، ھەر خىل ئىشلارنى شېئىرلاشتۇرۇپ، ئوغلىغا يادلاتقۇزاتتى. چۈنكى شېئىر تىلغا ئاسان كېلىدىغان بولۇپ، نەسرگە قارىغاندا ئوڭاي ئەستە قالىدۇ. كىچىك كارلمۇ شېئىرىي شەكىلدە ئەستە تۇتۇشقا ئادەتلەنگەن ئىدى. كىچىك كارل سەككىز ياش ۋاقتىدا، كارل ۋېتىر ئۇنىڭغا فىزىيولوگىيەنى ئۆگەتكەنىدى. بىر قېتىم كىچىك كارل دادىسى سىرتقا چىقىپ كەتكەنىدە، سۆڭەك، مۇسكۇل، ۋە ئىچكى ئەزالارنىڭ ئىسمىدىن شېئىر يازغان ئىدى. كارل ۋېتىر بۇنى بىلىپ، قاتتىق ھەيران قالغان ئىدى.




كارل ۋېتىر ئوغلىغا ئىشلەتكەن شېئىرلاشتۇرۇپ ئەستە ساقلاش ئۇسۇلى بالىلارنىڭ ئەستە ساقلاش ئالاھىدىلىكىگە بەك ماس كېلىدۇ. چۈنكى شېئىر ۋە بالىلار ناخشىسى ئوقۇش ۋە يادلاشتا تىلغا ئاسان كېلىدۇ. بالىلارمۇ قاپىيەلىك نەرسىلەرگە بەكرەك قىزىقىدۇ. رىتىملىق شېئىر ياكى بالىلار ناخشىسىنىڭ دېكلاماتسىيەسى بالىغا خۇددى قىزىقارلىق ئويۇندەك بىلىنىدۇ ھەم بالىنىڭ ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.






# سان ناخشىسى

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: سان يېزىلغان كارتا

ئويناش ئۇسۇلى

1. بالىغا سان ناخشىسىنى ئۆگىتىمىز:

بىر بەئەينى ئۇزۇن قېرىنداش، ئىككى ئوخشار ئۆزگەن ئۆردەككە،
ئۈچ گەپ ئاڭلار قۇلاققا ئوخشاش، تۆت بايراقتەك لەپىلدەر دەمدە،
بەش بەئەينى تارازا ئىلمىكى، پۈرچاق ئۇندۇرمىسىدەك ئالتە،
ئورغىقمىغا ئوخشايدۇ يەتتە، قاپاق ئوخشار تۆشۈك سەككىزگە،
توققۇز ئوخشار ئوماق قوشۇققا، نۆل ئوخشار مەن ئامراق تۇخۇمغا.

2. بالىلار ناخشىسىنى ئېيتقاندا بالىغاساننى كۆرسىتىپ، ئوخشايدىغان ياكى ئوخشىمايدىغانلىقىنى سېلىشتۇرۇپ، ئاندىن بالىغا قايتا ئېيتقۇزۇش كېرەك.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# باللار ناخشلىرى

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئاتا ـ ئانىلار دائىم بالىغا بەزى رىتىمى بىر قەدەر ياخشى بولغان باللار ناخشىسى ياكى شېئىرلارنى ئوقۇپ بېرىدۇ.

2. بالىغا ئۇدا بىر نەچچە كۈن ئوخشاش بىر ناخشىنى، مەسىلەن:

جىمىرلايدۇ يۇلتۇزلار، كۆز قىسىشىپ ئۆزىچە،
ئۇلار تۈننىڭ زىننىتى، بوۋىلارنىڭ سۆزىچە.

دېگەندەك باللار ناخشىلىرىنى ئېيتىپ بەرسە بولىدۇ.



3. بالا خېلى پىششىق بولغاندىن كېيىن، ئاتا ـ ئانىلار باللار ناخشىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ ئېيتقۇزىدۇ، مەسىلەن: ئاتا ـ ئانىلار ناخشىنىڭ بېشىدىكى بىر نەچچە سۆزنى دېگەندىن كېيىن، بالا ئاخىرىنى ئېيتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بالا ئاستا ـ ئاستا پىششىق ئۆگىنىۋالالايدۇ.

4. بالا ئىگىلىگەن سۆزلەرنىڭ مىقدارى كۆپەيگەندىن كېيىن، ئۇنى باللار ناخشىسىنى ئۆزگەرتىشكە ياكى يېزىشقا ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك.



شېئىر ئارقىلىق ئەستە ساقلاش ئۇسۇلىدىن باشقا يەنە، رەسىملەر ئارقىلىق ئەستە ساقلاش ئۇسۇلى، ئەمەلىي نەرسىلەر ئارقىلىق ئەستە ساقلاش ئۇسۇلى، سانلار ئارقىلىق ئەستە ساقلاش ئۇسۇلى، خەت ـ سۆز ئارقىلىق ئەستە ساقلاش ئۇسۇلى قاتارلىق كۆپ خىل ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ، بالىنىڭ ئەستە ساقلاش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈپ، بالىنىڭ قايسى ئۇسۇلدا بىر قەدەر تېز ئەستە ساقلىيالايدىغانلىقىنى كۆزىتىش كېرەك. كىچىك بالىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەڭ مۇھىمى يەنىلا ئاتا ـ ئانىلارنىڭ تۇرمۇشتىكى ئۇششاق ئىشلار ئارقىلىق ئاڭلىق ھالدا بالىنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى. مەسىلەن: كەچتە ئۇخلاشتىن بۇرۇن بالىنىڭ بۈگۈن نېمە ئويۇنلارنى ئوينىغانلىقىنى، كىملەرنى كۆرگەنلىكىنى، قانداق يېپيېڭى نەرسىلەرنى بىلگەنلىكىنى سوراش قاتارلىقلار.



# ئويۇن ئويناپ ئۆگىنىش




كارل ۋىتېر ئوغلىنىڭ ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇنى ئەزەلدىن مەجبۇرلاپ باقمىغان. ئۇ تەربىيەنى ئويۇنغا سىڭدۈرۈپ، بىر تەرەپتىن ئويناتقاچ، بىر تەرەپتىن ئۆگەتكەن ئىدى. ئوغلىنىڭ ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن كارل ۋىتېر مۇنداق ئويۇن ئوينايتتى. ئالدى بىلەن ئوغلىغا شىرە ئۈستىگە تىزىلغان جىسىملارنى كۆرسىتىپ، ئاندىن كۆزىنى يۇمدۇرۇپ ياكى رەخت بىلەن ئېتىۋېتىپ، نەرسىلەرنى ئالماشتۇرۇۋېتىپ، ئوغلىدىن: «نېمىلەر بار ئىدى، قايسىلار ئۆزگىرىپتۇ؟» دېگەندەك سوئاللارنى سورايتتى.

ئەگەر ئويۇن جەريانىدا ئوغلىنىڭ ئىپادىسى ياخشى بولسا، كارل ۋىتېر ئويۇننى قىيىنلىتاتتى. ئەگەر ياخشى بولمىسا، چېچىلماي، ئامال تېپىپ، ئۇنى ئويۇنغا قىزىقتۇراتتى.




ئاتا - ئانىلار بالىنىڭ قىلالمايدىغانلىرىغا ئېسىلىۋالماسلىقى ۋە بالىنى مەجبۇرلىماسلىقى، ئەقلىي ئىقتىدارىنى ئاچىدىغان ئويۇنلار بالىنىڭ ياش ئالاھىدىلىكى ۋە ئەمەلىي سەۋىيەسىگە ماس كېلىشى كېرەك. قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى ئويۇنلار بالىنى قىيىنچىلىقتىن قاچىدىغان قىلىپ قويىدۇ، بالىنىڭ ئاكتىپچانلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. بەك ئاددىي ئويۇنلار بالىنى مېنىڭ قىلالمايدىغىنىم يوق دەپ ئويلاپ، ئاسانلا ئۆز - ئۆزىدىن قانائەتلىنىدىغان قىلىپ قويىدۇ.

3 ~ 4 ياشتىكى بالىلارغا كونكرېت قىياپەتلەر ئارقىلىق، ئەمەلىي نەرسىلەرنى ئىپادىلەيدىغان ئۇسۇللار ماس كېلىدۇ؛ 4 ~ 5 ياشتىكى بالىلارغا قىيىنلىق دەرىجىسىنى يۇقىرىلىتىپ، مەزمۇنىنى ئازراق كۆپەيتسىلا بولىدۇ، بالا تىرىشسىلا ئورۇندىيالايدۇ. ئەگەر بالىنىڭ ئىپادىسى ياخشى بولمىسا، ئاتا - ئانىلار بالىغا ھەرگىزمۇ ئەيىبلىگەن ياكى ئاغرىنغان نەزەردە قارىماسلىقى كېرەك، بۇ بالىنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى






# تاپ ـ تاپ

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: تۇرمۇشتا دائىم ئۇچرىتىدىغان بىر نەچچە خىل نەرسە

ئويناش ئۇسۇلى

ئاۋال 4 ~ 5 خىل نەرسىنى شىرە ئۈستىگە قاتار تىزىپ، بالىنىڭ تونۇۋېلىشى ئۈچۈن يېرىم مىنۇت ئەتراپىدا ۋاقىت بېرىمىز. ئاندىن نەرسىنىڭ ئۈستىگە رەخت يېپىپ قويۇپ، ئىسمىنى ئېيتقۇزىمىز.

يېڭى باشلىغاندا شىرە ئۈستىدە نېمىلەرنىڭ بارلىقىنى ئېيتقۇزۇش كېرەك. رەت تەرتىپى بويىچە ئېيتالىسىمۇ بولىۋېرىدۇ.

بۇ خىل ئويۇن ئاساسلىقى بالىنىڭ قىسقا مەزگىللىك ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرىدۇ، بالا ئېيتىپ بېرەلمىسە ياكى تولۇق ئېيتىپ بېرەلمىسە، ئاتا ـ ئانىلار سەۋرچانلىق بىلەن بالىنى يېتەكلىشى، تەنبىھ بەرمەسلىكى كېرەك.





# ئوخشاشنى تېپىش

ماس كېلىدىغان يېشى: **5 ~ 6 ياشقىچە**

كېرەكلىك نەرسىلەر: كۆپىك ياكى توپ ، ماس كېلىدىغان رەسىملەر ياكى نومۇرى

ئويناش ئۇسۇلى

1. بىر نەچچە شەكلى ئوخشىمايدىغان كۆپىكنى تەييارلاپ، بالىغا كۆرۈش ۋە سىيلاش ئارقىلىق، ئوخشىمىغان كۆپىكلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بىلدۈرىمىز ھەم ھېس قىلغانلىرىنى بايان قىلغۇزىمىز.



2. بالىغا ئوخشاش تۆردىكى كۆپىكلارنى ئايرىتقۇزىمىز، ئاندىن رەسىم بىلەن سېلىشتۇرغۇزىمىز.

3. كۆپىكلارنى يەشىككە سالىمىز. رەسىمدىن ياكى ماس كېلىدىغان نومۇردىن خالىغان بىرنى ئېلىپ، بالىغا كۆرسىتىپ، يەشىك ئىچىدىن شۇنىڭغا ئوخشاشنى ئېلىشقا بۇيرۇيمىز.

4. قايتا ـ قايتا مەشىق قىلغۇزۇپ، بالىنىڭ تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرىمىز. كۆپىكنىڭ ئورنىغا شار قاتارلىقلارنى ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ.



ئاتا ـ ئانىلار بالىنىڭ ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ماس ھالدا مەشقلەندۈرۈشى، ئاز كۆرۈلىدىغان ياكى غەلىتە سوئاللارنى سوراپ، بالىنى ئوڭايسىزلاندۇرىدىغان ئىشنى قىلماسلىقى كېرەك. بالىلارنىڭ ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشى ئاڭسىز ئەستە تۇتۇشتىن ئاڭلىق ئەستە تۇتۇشقا، مېخانىكىلىق ئەستە تۇتۇشتىن مەنىلىك ئەستە تۇتۇشقا، كۆرۈپ ئەستە تۇتۇشتىن ئابستراكت ئۇقۇملارنى ئەستە تۇتۇشقا تەرەققىي قىلىدۇ. گەرچە قانۇنىيەت ئومۇمىي جەھەتتىن ئوخشاش بولسىمۇ، بىراق ھەربىر بالىنىڭ تەرەققىياتى ئوخشىمايدۇ. شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنى باشقا بالىلار بىلەن سېلىشتۇرماسلىقى، بالىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قارىشى كېرەك.

www.uyghurkitap.com

# بالا ئەركىن ـ ئازادە ئۆسۈشنى خالايدۇ




كارل ۋىتىر كىچىك كارلنى يالغۇز ئويناشقا ئىلھاملاندۇراتتى، ئەزەلدىن ئۇنىڭ ئەركىنلىكىگە ئارىلىشىۋالمايتتى. كىچىك كارل بىر ياشتىن ئاشقان چاغلىرىدا، ئەگەر مەلۇم بىر نەرسە ياكى ئويۇنچۇقنى قولىغا ئالسا، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ ئوينايتتى، تاشلىۋەتمەيتتى. كارل ۋىتىر بەزىدە ئۇنىڭ ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ ئوينىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئوينايتتى. ئەگەر كىچىك كارل ئويۇننى دادىسىنىڭ ئويلىغىنىدىن باشقىچە ئۇسۇلدا ئوينىسا كارل ۋىتىر ئۇنى ماختاپلا قالماي، يەنە ئۇنى تېخىمۇ كۆپ ئۇسۇللاردا ئويناشقا ئىلھاملاندۇراتتى. ئۇ ئوغلىنى كۆپ قول سېلىش، كۆپ تەپەككۇر قىلىش، كۆپ سوئال سوراشقا رىغبەتلەندۈرەتتى. قانداقلا سوئال سورىسا سەۋرچانلىق بىلەن جاۋاب بېرەتتى.

كىچىك كارل ئۆي قۇراشتۇرۇش ئويۇنىغا ئەڭ ئامراق ئىدى. كارل ۋىتىر ئەزەلدىن ئوغلىغا قانداق قىلسا ياخشى قۇراشتۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرمەيتتى، ھەم ئۇ قانداق قىلىشنى بىلمىگەن چاغدىمۇ قانداق قىلىشنى دەپ بەرمەي، ئوغلىنى ئەستايىدىل ئويلىنىپ، باشقا ئۇسۇلنى تېپىشقا ئىلھاملاندۇراتتى. كىچىك كارل ئۆي قۇراشتۇرۇش ئويۇنى ئوينىغاندا ئۆزى قول سېلىپ، ئۆزى چارە تاپاتتى. بۇ ئۇنىڭغا ئۇتۇق قازىنىش تۇيغۇسى ئاتا قىلىپلا قالماستىن، يەنە ئېيتقۇسىز خۇشاللىق ئېلىپ كېلەتتى.




ئۆي قۇراشتۇرۇش ئويۇنىدا بالا قول بىلەن مېڭىسىنى تەڭ ئىشلەتكەچكە، بالىنىڭ قول سېلىپ ئىشلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، قىياپەت، تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغىمۇ پايدىلىق. ئاتا ـ ئانىلار بالىنىڭ سەۋىيەسىگە ئاساسەن ئۆي قۇرۇلمىسىغا مۇناسىۋەتلىك ئاساسىي بىلىملەرنى سۆزلەپ بەرسە، بالىنىڭ ئىجادچانلىقى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ.

باللار ئويۇن ئوينىماقچى بولغاندا، ئويۇننى قانداق ئويناش توغرۇلۇق تەپەككۇر قىلىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئىجاد قىلىش ئىقتىدارىنىڭ باشلىنىپ بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ياكى ئارىلىشىۋېلىشى ھاجەتسىز. باللارنىڭ ئەركىن ـ ئازادە ئوينىشى ئۇنىڭغا چەكسىز نەپ ئېلىپ كېلىدۇ. ئەركىن ـ ئازادە ئويناش جەريانىدا كۆپ تەپەككۇر قىلىدۇ. بۇ بالىنىڭ ئىجادچانلىقىنى ئاچىدۇ، ھەم بالىنىڭ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، مۇھتاقا ماسلىشىش ئىقتىدارىنىڭ ئېشىشىغا پايدىلىق.

# ئوخشاشنى تېپىش

ماس كېلىدىغان يېشى: 5 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: كۇبىك ياكى توپ ، ماس كېلىدىغان رەسىملەر ياكى نومۇرى

ئويناش ئۇسۇلى

1. بىر نەچچە شەكلى ئوخشىمايدىغان كۇبىكنى تەييارلاپ، بالىغا كۆرۈش ۋە سىيلاش ئارقىلىق، ئوخشىمىغان كۇبىكلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بىلدۈرىمىز ھەم ھېس قىلغانلىرىنى بايان قىلغۇزىمىز.



2. بالىغا ئوخشاش تۈردىكى كۇبىكلارنى ئايرىتقۇزىمىز، ئاندىن رەسىم بىلەن سېلىشتۇرغۇزىمىز.

3. كۇبىكلارنى يەشىككە سالىمىز. رەسىمدىن ياكى ماس كېلىدىغان نومۇردىن خالىغان بىرنى ئېلىپ، بالىغا كۆرسىتىپ، يەشىك ئىچىدىن شۇنىڭغا ئوخشاشنى ئېلىشقا بۇيرۇيمىز.

4. قايتا ـ قايتا مەشىق قىلغۇزۇپ، بالىنىڭ تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرىمىز. كۇبىكنىڭ ئورنىغا شار قاتارلىقلارنى ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ.

ئاتا ـ ئانىلار بالىنىڭ ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ماس ھالدا مەشىقلەندۈرۈشى، ئاز كۆرۈلىدىغان ياكى غەلىتە سوئاللارنى سوراپ، بالىنى ئوڭايسىزلاندۇرىدىغان ئىشنى قىلماسلىقى كېرەك. بالىلارنىڭ ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىنىڭ تەرەققىيات يۆزلىنىشى ئاڭسىز ئەستە تۇتۇشتىن ئاڭلىق ئەستە تۇتۇشقا، مېخانىكىلىق ئەستە تۇتۇشتىن مەنىلىك ئەستە تۇتۇشقا، كۆرۈپ ئەستە تۇتۇشتىن ئابستراكت ئۇقۇملارنى ئەستە تۇتۇشقا تەرەققىي قىلىدۇ. گەرچە قانۇنىيەت ئومۇمىي جەھەتتىن ئوخشاش بولسىمۇ، بىراق ھەربىر بالىنىڭ تەرەققىياتى ئوخشىمايدۇ. شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنى باشقا بالىلار بىلەن سېلىشتۇرماسلىقى، بالىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قارىشى كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بالا ئەركىن - ئازادە ئوينىلىشى كېرەك




كارل ۋىتېر كىچىك كارلنى يالغۇز ئويناشقا ئىلھاملاندۇراتتى، ئەزەلدىن ئۇنىڭ ئەركىنلىكىگە ئارىلىشىۋالمايتتى. كىچىك كارل بىر ياشتىن ئاشقان چاغلىرىدا، ئەگەر مەلۇم بىر نەرسە ياكى ئويۇنچۇقنى قولىغا ئالسا، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ ئوينايتتى، تاشلىۋەتمەيتتى. كارل ۋىتېر بەزىدە ئۇنىڭ ئېچىلىپ - يېيىلىپ ئوينىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئوينايتتى. ئەگەر كىچىك كارل ئويۇننى دادىسىنىڭ ئويلىغىنىدىن باشقىچە ئۇسۇلدا ئوينىسا كارل ۋىتېر ئۇنى ماختاپلا قالماي، يەنە ئۇنى تېخىمۇ كۆپ ئۇسۇللاردا ئويناشقا ئىلھاملاندۇراتتى. ئۇ ئوغلىنى كۆپ قول سېلىش، كۆپ تەپەككۇر قىلىش، كۆپ سوئال سوراشقا رىغبەتلەندۈرەتتى. قانداقلا سوئال سورىسا سەۋرچانلىق بىلەن جاۋاب بېرەتتى.

كىچىك كارل ئۆي قۇراشتۇرۇش ئويۇنىغا ئەڭ ئامراق ئىدى. كارل ۋىتېر ئەزەلدىن ئوغلىغا قانداق قىلسا ياخشى قۇراشتۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرمەيتتى، ھەم ئۇ قانداق قىلىشنى بىلمىگەن چاغدىمۇ قانداق قىلىشنى دەپ بەرمەي، ئوغلىنى ئەستايىدىل ئويلىنىپ، باشقا ئۇسۇلنى تېپىشقا ئىلھاملاندۇراتتى. كىچىك كارل ئۆي قۇراشتۇرۇش ئويۇنى ئوينىغاندا ئۆزى قول سېلىپ، ئۆزى چارە تاپاتتى. بۇ ئۇنىڭغا ئۇتۇق قازىنىش تۇيغۇسى ئاتا قىلىپلا قالماستىن، يەنە ئېيتقۇسىز خۇشاللىق ئېلىپ كېلەتتى.




ئۆي قۇراشتۇرۇش ئويۇنىدا بالا قول بىلەن مېڭىسىنى تەڭ ئىشلەتكەچكە، بالىنىڭ قول سېلىپ ئىشلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، قىياپەت، تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغىمۇ پايدىلىق. ئاتا - ئانىلار بالىنىڭ سەۋىيەسىگە ئاساسەن ئۆي قۇرۇلمىسىغا مۇناسىۋەتلىك ئاساسىي بىلىملەرنى سۆزلەپ بەرسە، بالىنىڭ ئىجادچانلىقى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ.

باللار ئويۇن ئوينىماقچى بولغاندا، ئويۇننى قانداق ئويناش توغرۇلۇق تەپەككۇر قىلىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئىجاد قىلىش ئىقتىدارىنىڭ باشلىنىپ بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئاتا - ئانىلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ياكى ئارىلىشىۋېلىشى ھاجەتسىز. باللارنىڭ ئەركىن - ئازادە ئوينىشى ئۇنىڭغا چەكسىز نەپ ئېلىپ كېلىدۇ. ئەركىن - ئازادە ئويناش جەريانىدا كۆپ تەپەككۇر قىلىدۇ. بۇ بالىنىڭ ئىجادچانلىقىنى ئاچىدۇ، ھەم بالىنىڭ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، مۇستەقىل ماسلىشىش ئىقتىدارىنىڭ ئېشىشىغا پايدىلىق.








# سەرەڭگە تېلى

ماس كېلىدىغان يېشى: 1 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: سەرەڭگە تېلى ياكى پىلتىكوچ

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئاتا ـ ئانىلار ئالدى بىلەن سەرەڭگە تېلىنى تىزىپ، بىر نەچچە خىل شەكىل چىقىرىپ، بالىغا ئۈلگە كۆرسىتىدۇ.

2. بالا تىزىپ شەكىل چىقىرالىغاندىن كېيىن بالىدىن: «ساناپ باق، بىز قانچە تال سەرەڭگە تېلى ئىشلىتىپتىمىز؟» دەپ سورايدۇ.

3. بالا ئۆزىنىڭ ئويلىغىنىغا ئاساسەن تىزىپ، ھەر خىل شەكىل چىقىرىپ ئوينىسا بولىدۇ.



4. ئاتا ـ ئانىلار بالا بىلەن كىم ھەم تېز، ھەم ياخشى تىزالايدۇ دەپ بەسلەششىمۇ بولىدۇ. رىقابەتچانلىققا ئىگە ئويۇنلار بالىنىڭ دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، تەپەككۇر ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار بەزىدە يېڭىلىپ بېرىشى، بالىنىڭ ئاكتىپچانلىقىغا زەربە بەرمەسلىكى، قەستەن يېڭىلىپ بەرگەنلىكىنى بالىغا بىلدۈرمەسلىكى كېرەك. ئەگەر قەستەن يېڭىلىپ بەرگەنلىكىنى بىلسە، بالا يېڭەلمىسىلا ھۆرۈنلۈق قىلىدىغان يامان ئادەتنى يېتىلدۈرۈۋالىدۇ.

5. سەرەڭگە تېلىنىڭ ئورنىغا باشقا نەرسىلەرنى ئىشلىتىپ ئويناتسىمۇ بولىدۇ، بۇنداق قىلغاندا بالىنىڭ سەرەڭگە تېلىنىڭ بېشىدىكى فوسفورنى يەۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

# رەسىم تىزىش

ماس كېلىدىغان يېشى: 5 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: چوكا مۇز ياغىچى، قوش يۈزلۈك چاپلاق، رەسىم قەلىمى

ئويناش ئۇسۇلى

1. شىرە ياكى كىچىك تاختاي ئۈستىگە چاپلاق چاپلاپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئون تالدەك چوكا مۇز ياغىچىنى رەتلىك چاپلاپ، بالىغا ياغاچنىڭ ئۈستىگە رەسىم سىزغۇزىمىز.

2. رەسىمنى سىزىپ بولغاندىن كېيىن، چوكا مۇز ياغىچىنى چۇۋۇۋېتىپ، بالىغا بايا ئۆزى سىزغان رەسىمنى ئەسلىدىكى ھالىتى بويىچە تىزغۇزىمىز.

دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

چوكا مۇز ياغىچىنى چوقۇم پاكىز يۇيۇشىمىز، ئۈستىگە رەسىم سىزغاندا بالىنىڭ قولىنىڭ يارىلانماسلىقىغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەك.

چوكا مۇز ياغىچىدىن باشقا نەرسىلەرنى، مەسىلەن: يەلپۈگۈچ ياساتساقمۇ بولىدۇ.





ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# قۇم ئويناش

ماس كېلىدىغان يېشى: 1 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: قۇم

ئويناش ئۇسۇلى

1. پاكىز قۇمنى داس ياكى يەشىككە تەكشى يېيىپ، بالىنى كىچىك تاياقچە ياكى بارمىقى بىلەن قۇم ئۈستىگە خەت يازغۇزىمىز ياكى رەسىم سىزغۇزىمىز.

2. قۇمنى نەمدەپ، بالىغا قۇمنى ھەر خىل شەكىل چىقىرىپ ئويناتقۇزساقمۇ بولىدۇ.

3. قۇم بالىلار ئەڭ ياقتۇرۇپ ئوينايدىغان نەرسە، قۇم بالىلارنىڭ ئەڭ ئاددىي رەسىم تاختىسى، قۇمنىڭ ئۈستىگە ھەر خىل نەرسىلەرنى سىزغىلى بولىدۇ، سىزىپ بولغاندىن كېيىن، قۇمنى تۈزلىۋەتسە سىزغانلىرى دەرھال يوقايدۇ، بۇ بالىلارغا نىسبەتەن ھەيران قالارلىق ئىش.



4. پۇرسەت بولسا ئاتا - ئانىلار بالىنى ئېلىپ، دەريا ياكى دېڭىز بويىغا ئاپىرىپ، قۇم ئويناتسا بولىدۇ، بۇ بالىلارنىڭ ئىجادچانلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا بەك پايدىلىق.

ئادەمنىڭ ئىجادچانلىق ئىقتىدارى بالىلىق دەۋرىدىن باشلاپلا تەربىيەلىنىشكە موھتاج، ئويناش بالىلارنىڭ ئاساسلىق پائالىيىتى. ئىجادچانلىق ئىقتىدارى ئويۇن جەريانىدا يېتىلىدۇ. بالىنى ئەركىن - ئازادە ئويناتقاندا، بالىنىڭ ئىجادچانلىق ئىقتىدارىنى قوزغاتقىلى بولىدۇ. بالا 4 ~ 5 ياش ۋاقتىدا، تەپەككۇرى ئىنتايىن جانلىق بولۇپ، بىلىدىغان ئىشلىرىمۇ بارغانسېرى كۆپىيىدۇ، مۇستەقىللىقى ئاشىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئاتا - ئانىلار بالىنىڭ ئىجادچانلىق ئىقتىدارىنى قوغداش، يېتەكلەش ۋە تەربىيەلەشكە ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك.

www.uyghurkitap.com

# 2 - بۆلەك

## ئىقتىدار تەربىيەسى

### 5. بالىنىڭ تەسەۋۋۇرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش

تەسەۋۋۇر بالىنىڭ ئىجادچانلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاساسى، ئومۇمەن زور ئۇتۇق قازانغان ئادەملەرنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچى ۋە ئىجادىي كۈچى ناھايىتى ياخشى بولىدۇ. تەسەۋۋۇر كۈچى بىلىمدىنمۇ مۇھىم. بالىلىق مەزگىلىدە قىزىقىش ئەڭ كۈچلۈك بولىدۇ، بۇ تەسەۋۋۇرنى يېتىلدۈرۈشنىڭ ئەڭ ياخشى مەزگىلى. بالىنىڭ مېڭىسى رەڭدار تەسەۋۋۇرغا تولغان بولۇپ، ئاتا - ئانىلار بۇ مەزگىلنى چىڭ تۇتۇپ بالىنىڭ تەسەۋۋۇرنى ياخشى يېتىلدۈرۈش كېرەك.





# هېكايىنىڭ داۋامى




بالىغا هېكايە سۆزلەپ بېرىش ھەربىر ئاتا ـ ئانا بالىسى كىچىك ۋاقتىدا چوقۇم قىلىشقا تېگىشلىك ئىش. كىچىك كارل ئىككى ياش ۋاقتىدا ئانىسى ھەر كۈنى ئۇنىڭغا هېكايە سۆزلەپ بېرەتتى. بەزىدە بالىلارنىڭ هېكايە ئاڭلىغۇسى كەلمەيمۇ قالىدۇ، لېكىن كىچىك كارل ھەر كۈنى تەقەززا بولغان ھالدا هېكايە ئاڭلاشنى ساقلاپ تۇراتتى، چۈنكى ئانىسىنىڭ كىچىك كارلنى داۋاملىق ئاڭلاشقا قىزىقتۇرىدىغان بىر يۈرۈش تەدبىرلىرى بار ئىدى. كىچىك كارلنىڭ ئانىسى ئۇنىڭغا هېكايە سۆزلەپ بەرگەندە، خۇددى گېزىتنى سانلارغا بۆلۈپ باسقاندەك، ئادەمنى ئەڭ جەلپ قىلىدىغان يەرگە كەلگەندە توختىتىپ قويۇپ، ۋەقەلىكنىڭ كەينىنى كىچىك كارلغا ئىجاد قىلدۇراتتى. كىچىك كارل قاتتىق باش قاتۇرۇپ، يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان ۋەقەلىكلەر توغرىسىدا ھەر خىل پەرەزلەرنى قىلاتتى.

ئىككىنچى كۈنى، ئانىسى هېكايە سۆزلەشتىن ئىلگىرى، كىچىك كارل ئاۋۋال ئۆزى توقۇغان هېكايىنى بىر قېتىم سۆزلەيتتى، ئاندىن ئانىسى هېكايە كىتابىتىكى ۋەقەلىكنى سۆزلەيتتى. ئەگەر كىچىك كارلنىڭ پەرىزى توغرا چىقىپ قالسا، كىچىك كارل بىلەن ئانىسى قىزغىن تەنتەنە قىلاتتى، ئەگەر كىچىك كارلنىڭ پەرىزى توغرا چىقماي قالسا، ئانىسى ئۇنى ماختاپ تۇرۇپ: «ئوغلۇمنىڭ توقۇغىنى ئەسلىدىكىدىن ياخشى چىقىپتۇ!» دەپ ماختايتتى. كىچىك كارلنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچى بۇ خىل تەلىم ـ تەربىيە ئاستىدا ئۈزۈكسىز يېتىلدى.




«مىڭبىر كېچە» دىكى قىسسىلەرگە ئوخشاش، قىزىق يېرىگە كەلگەندە هېكايىنى توختىتىپ قويۇشمۇ هېكايە سۆزلەشتىكى بىر خىل ماھارەت. بۇ خىل ئۇسۇل بالىلارغا هېكايە سۆزلەپ بېرىشكىمۇ ماس كېلىدۇ. هېكايىنى سۆزلەپ قىزىق يېرىگە كەلگەندە شاپپىدە توختىتىپ قويۇش بالىغا پۇخادىن چىقمىغاندەك تۇيۇلۇشى مۇمكىن، لېكىن بۇ ئۇسۇل بالىدا هېكايىنىڭ خاتىمىسىنى بىلىش قىزغىنلىقىنى قوزغاپ، بالىنى هېكايىنىڭ ئاخىرىدا نېمە ئىش يۈز بېرىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا ھېرىسمەن قىلىدۇ، بۇ بالىنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچىنى تولۇق قوزغىتىدۇ.

بالىنىڭ تەسەۋۋۇرى ئەركىن بولىدۇ، باش ـ ئاخىرى بولمايدۇ. ئۇ بىر نەرسىنى نۇرغۇن نەرسىلەرگە باغلاپ ئويلىشى، ئويلىرى ئۇنىڭدىن بۇنىڭغا سەكرىشى مۇمكىن، ھەتتا چوڭلار بۇنى چۈشىنەلمەي قېلىشىمۇ مۇمكىن. بىراق ئاتا ـ ئانىلار بالىنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچىنى ھەرگىز بوغۇپ قويماسلىقى، بالىغا زەربە بەرمەسلىكى ياكى مازاق قىلماسلىقى، بالىغا جۈرئەتلىك بولۇپ، ئەركىن تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئىلھام بېرىشى كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com






# ئويلا - ئويلا

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: كاۋچۇك لاي، بامبۇك تاياقچە ياكى سەرەڭگە تېلى قاتارلىقلار

ئويناش ئۇسۇلى



1. ئاتا - ئانىلار بالىغا كاۋچۇك لاي تەييارلاپ بېرىپ، ئاندىن بالىغا بىر تېما دەپ بېرىدۇ، مەسىلەن: «كىرپىچاقنىڭ ئالمىنى يۈدۈپ مېڭىشى» دېگەندەك.

2. ئەگەر بالا دەرھال ئويلاپ تاپالمىسا، ئاتا - ئانىلار بالىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، بالىغا ئاۋۋال كاۋچۇك لاينى يۇملاق قىلىپ ياستىپ، بۇنى ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ بېسىپ، بىر تەكشى تەگلىك ياساپ چىقىدۇ.

3. قول بىلەن بىر يۇملاق كاۋچۇك لاينىڭ بىر تەرىپىنى ئۇچلۇق بۇرۇن قىلىپ، يۇملاق كاۋچۇك لايغا تاياقچە سانجىپ، كىرپىنىڭ تىكىنىنى ياساپ چىقىدۇ.

4. كاۋچۇك لاينى كىچىكرەك يۇملاقلاپ ئالما قىلىپ بامبۇك تاياقچىگە سانجىپ قويسا بولىدۇ.

5. ياساپ بولغاندىن كېيىن، يەنە قانداق ئۇسۇلدا ۋەزىپىنى تاماملىغىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە بالىنى ئويلاندۇرۇش ياكى باشقا ۋەزىپىنى تاپشۇرۇش لازىم. بۇ بالىنىڭ تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدۇ.

# ئاينىڭ ئەجدىھانى يېپىشى



ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: «ئاينىڭ ئەجدىھانى يېپىشى» دېگەن رىۋايەت

ئويناش ئۇسۇلى

1. بالىغا ئاينىڭ ئەجدىھانى يېپىشى دېگەن رەسىملىك ھېكايىنى سۆزلەپ بېرىش ئارقىلىق، بالىنى ئەپسانە - رىۋايەت ھەققىدە بىۋاستە چۈشەنچە ۋە تەسىراتقا ئىگە قىلىش كېرەك.

2. ھېكايىنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن بالىدىن «ئايدا نېمىلەر بار؟» دەپ سورايمىز.

3. بالا جاۋاب بېرىپ بولغاندىن كېيىن، بالىغا ئاينى چۈشەندۈرۈپ قويىمىز 。

4 . ئاۋۋال بالىنى ئويلاندۇرۇش، بالىنىڭ جاۋابى توغرا بولۇش - بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنى ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك. ئاندىن بالىغا ئايروپىلان، ئالەم ئۇچقۇچىسى ۋە ئالەم كېمىسىگە ئائىت بەزى پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى سۆزلەپ بېرىمىز.



رەسىم سىزىش بالىنىڭ تەسەۋۋۇرىنى قاناتلاندۇرۇشتىكى ئۈنۈملۈك ئۇسۇل. بالا رەسىم سىزغاندا ئاتا - ئانىلار كۆپ ئارىلىشىۋالماسلىقى، بالىغا نېمىنى سىزغۇسى كەلسە شۇنى سىزدۇرغان ئەركىن مۇھىت بېرىشى كېرەك. ئاتا - ئانىلار بالىنىڭ تەسەۋۋۇرى ۋە پىكرىنى تولۇق بايان قىلىشىغا يول قويۇشى، بالىنىڭ تەسەۋۋۇرىنى ئەيىبلىمەسلىكى ياكى مازاق قىلماسلىقى كېرەك. ئاتا - ئانىلار بالىنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىپ، بالىدا ئاستا - ئاستا ئۆزىگە ئىشىنىش تۇيغۇسى تىكلىشى كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن بالىنىڭ تەسەۋۋۇرىنى تېخىمۇ ياخشى قوزغىغىلى بولىدۇ.

# رىۋايەت باللارنىڭ تەسەۋۋۇرىنى تېخىمۇ بېيىتىدۇ




بەزىلەر بالىغا رىۋايەت سۆزلەپ بېرىشنىڭ ھېچقانداق قىممىتى يوق دەپ قارايدۇ. لېكىن كارل ۋېتىر ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەرنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، رىۋايەتنى بىلىدىغان بالا بىلەن بىلمەيدىغان بالىنىڭ يىراقتىكى يۇلتۇزلارغا نەزەر سالغاندىكى تەسىراتى پۈتۈنلەي ئوخشاش ئەمەس ئىدى.

كارل ۋېتىرنىڭ خانىمى ئەزەلدىن پەرىزاتلارنى يوققا چىقارمايتتى، ئۇلار دائىم كىچىك كارلغا ئەپسانە ـ رىۋايەت سۆزلەپ بېرىپ، ئۇنىڭغا تەبىئەتنىڭ پەرىزاتلار ماكانلاشقان سۆيۈملۈك دۇنيا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى. كىچىك كارل رىۋايەتلەردىن ئادىللىق، مېھرىبانلىق، جاسارەت، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش قاتارلىق نۇرغۇن ئېسىل ئەخلاق ۋە پەزىلەتلەرنى ئۆگىنىۋالغانىدى.

كارل ۋېتىر كىچىك كارلنىڭ تەسەۋۋۇرىنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن، تەييار رىۋايەتلەرنى ۋە باللار ناخشىلىرىنى ئېيتىپ بېرىپلا قالماي، يەنە ئۆزى ھېكايە توقۇپ ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېرەتتى. يەنە كىچىك كارلنى ھېكايە توقۇشقا يېتەكلەپ، ئۇلارنى يېزىپ چىقىشقا ئىلھاملاندۇراتتى.




بالىنىڭ قىزىقىشى كۈچلۈك بولىدۇ، بولۇپمۇ رېئال تۇرمۇشتا مەۋجۇت بولمىغان ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرگە بەك قىزىقىدۇ. بۇ ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر خەلقنىڭ مول تەسەۋۋۇرىنىڭ مەھسۇلى. بۇ ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك سىرلىق، كۆڭۈلنى خۇش قىلىدىغان جانلىق بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ گۈزەل ئارزۇ ـ ئارمانلىرىغا ۋەكىللىك قىلغاچقا، ئەجدادتىن ـ ئەۋلادقا تارقىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر بالىنىڭ تەسەۋۋۇرىنى بېيىتىپلا قالماي، يەنە بالىنى جەلپ قىلىپ، ئۇلارغا ئەقىل ـ پاراسەت ۋە ئادەم بولۇشنىڭ يوللىرىنى ئۆگىتىدۇ.




# بۇلۇت سىزىش

ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: رەسىم قەغىزى، رەسىم قەلىمى، رەسىم تاختىسى، ماي قەلەم

ئويناش ئۇسۇلى

1. هاۋا ئوچۇق بىر كۈننى تاللاپ، بالىغا ئەتىگەنكى شەپەق، بۇلۇت ياكى كەچكى شەپەقنى كۆرسىتىمىز.
2. بالا تەسەۋۋۇرىغا تايىنىپ، ئۆزى كۆرگەن بۇلۇتنى سىزىدۇ. بالا قانغۇچە سىزىۋېلىشى كېرەك.
3. سىزىپ بولغان بۇلۇتنى بىر پارچە كۆرۈنۈش دەپ تەسەۋۋۇر قىلىپ تۇرۇپ، بالىغا تىل بىلەن بايان قىلغۇزىمىز. بالىنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارى تېخى ئانچە ياخشى بولمىغاچقا، ئاتا - ئانىلار مۇۋاپىق كۆرسەتمە بەرسە بولىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# رەسىم بوياش

ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: رەسىم قەغىزى، رەڭلىك قەلەم، قېرىنداش

ئويناش ئۇسۇلى

بالىغا سىدام سىزما رەسىم سىزىپ بېرىپ، ياكى شۇنداق رەسىم دەپتىرىدىن بىرنى ئېلىپ بېرىپ، رەسىمنى ئەسلىدىكى بىلەن ئوخشاش ياكى خالىغان رەڭ بىلەن بوياشقا بېرىمىز.

بالا كىچىك بولسا، يېتەكلىسەك بولىدۇ، لېكىن يېتەكلەش شەكلىگە دىققەت قىلىش كېرەك. خالىغانچە تەسەۋۋۇر قىلىشىغا ئىمكانىيەت بېرىش كېرەك.





بالىنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچىنى يېتىشتۈرۈشنىڭ يەنە بىر ياخشى ئۇسۇلى بالا بىلەن كۆپرەك سەيلە قىلىش، بالىغا سىرلىق تەبىئەتنى كۆپرەك كۆزەتكۈزۈش، ئەركىن تەسەۋۋۇر قىلدۇرۇش. 3 ~ 6 ياشقىچە بولغان مەزگىل بالىنىڭ تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى تەرەققىي قىلىدىغان ئەڭ ياخشى مەزگىل، ئاتا ـ ئانىلار بۇ مەزگىلنى ھەرگىز ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىكى، ھەرگىزمۇ ئۆزىنىڭ قارىشى ۋە پىكرى بويىچە بالىنىڭ تەسەۋۋۇرىنى بوغۇپ قويماسلىقى كېرەك.



# بالىڭىز بىلەن دراما ئويناڭ




كىچىك كارل گەپ قىلالمايدىغان ۋاقىتتا ئانىسى ئۇنىڭغا يۇنان - رىم ۋە غەربىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەرنىڭ چۆچەك، رىۋايەتلىرىنى ئېيتىپ بېرەتتى، كىچىك كارل گەپ قىلالايدىغان بولغاندىن كېيىن، ئانىسى بۇ چۆچەكلەرنى ئۇنىڭ بىلەن رول ئېلىپ ئوينايتتى.

كارل ۋېتىر ئوغلىغا تارىخىي ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بەرگەندىمۇ، دراما ئويناش ئۇسۇلىنى قوللىناتتى. چۈنكى ئوغلى بۇ درامىغا قاتناشقاندىن كېيىن ۋەقەلەرنى ناھايىتى ئاسانلا ئېسىدە ساقلىۋالالايتتى. بىر قېتىم كىچىك كارل روھى چۈشكۈن ھالەتتە ئۆيگە قايتىپ كەلدى. دادىسى ئۇنىڭدىن نېمە بولغانلىقىنى سورىغاندا ئۇ، «بۈگۈن مۇئەللىم سورىغان تارىخىي سوئالغا جاۋاب بېرەلمىدىم، لېكىن سىنىپتىكى باشقا بىر بالا تولۇق جاۋاب بەردى» دېدى. دادىسى ئۇنىڭدىن: «مۇئەللىمىڭ قانداق سوئاللارنى سورىدى؟» دېگەندە ئۇ: «مۇئەللىم تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ كونكرېت يىلنامىسىنى سورىدى. مەن ئۇ ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ، يىلنامىسىنى بىلمىدىم» دېدى.

كارل ۋېتىر مېھرىبانلىق بىلەن ئوغلىغا، ئۇ يىلنامىلەرنى بىلمىسە ھېچ ئىش ئەمەسلىكىنى، جاۋاب بېرەلىگەن ئۇ ئوقۇغۇچىنىڭ پەقەت يىلنامىلەرنىلا ئەستە ساقلىشىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوقلۇقىنى، بۇ ئىش ئۈچۈن كۆڭۈلنى يېرىم قىلىشنىڭ ئەرزىمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.




كارل ۋېتىر ئوغلىغا كومېدىيە ئورۇنلاش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، تەربىيە قىلىپ، ئىنتايىن ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكەن ئىدى. كىچىك كارل بەش ياش ۋاقتىدىلا ئوتتۇز مىڭ سۆزلۈكنى ئەستە ساقلىيالىغان ئىدى. ئەقلىي قابىلىيىتى ئادەتتىكىدەك ئون نەچچە ياشلىق بالىلارمۇ بۇ دەرىجىگە يېتەلمەيدۇ. مەكتەپتىكى تارىخ دەرسلىكىنىڭ ھەممىسى يىلنامىلەرنى ئەينەن كۆچۈرۈۋالغان، تېتىقسىز، ئازراقمۇ قىزىقارلىق ئەمەس بولغاچقا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزىقىشىنى پەقەتلا قوزغىيالماي، ئەكسىچە ئوقۇغۇچىلارغا ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق تۇيۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ مەززىسىز مەزمۇنلارنى ئەستە ساقلىيالماسلىقى ھەقلىق. بالىنىڭ ئەستە تۇتۇشىغا كەيپىيات ئىنتايىن چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئاتا - ئانىلار ئامالىنىڭ بارىچە بالىنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىشى، بالا ئۆزى خالاپ ئەستە تۇتۇشى، بالىنىڭ ئوبرازلىق ئېسىدە ساقلاش ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىشى كېرەك.

www.uyghurkitap.com






# بۇ ھايۋاننىڭ ئىسمى نېمە؟

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: ھايۋانات رەسىمى، رەڭلىك قەلەم

ئويناش ئۇسۇلى

1. ھايۋانلارنىڭ رەسىملىرىنى تەرتىپ بويىچە ئۈستەل يۈزىگە تىزىپ، خالىغان تۆت ھايۋاننىڭ ئىسمىنى دەيمىز، مەسىلەن: مايمۇن، سەككىزئاياغ، ئات، توشقان. ھەربىرىنىڭ ئىسمىنى ئىككى قېتىمدىن دەيمىز.

2. بالا تىزىپ قويغان رەسىملەردىن بىر ئىسمىنى ئاتىغان ھايۋاننىڭ رەسىمىنى تېپىپ كۆرسىتىدۇ ھەم رەڭلىك قەلەم بىلەن چەمبىرەك ئىچىگە ئېلىپ، سىزىپ قويىدۇ.

3. چەمبىرەك سىزىلمىغان ھايۋاننى كۆرسىتىپ تۇرۇپ بالىدىن: ئۇلار نەدە تۇرىدۇ؟ نېمە يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ؟ ئۇلار قانچىلىك چوڭلۇقتا؟ قانداق ئاۋاز چىقىرىدۇ؟ دېگەنلەرنى بالىغا تەپسىلىي سۆزلىتىمىز.

يېڭى باشلانغاندا بالىنىڭ سۆزلىگىنى تولۇق بولماسلىقى مۇمكىن،بالىغا تولۇقلاپ دەپ بەرسەك بولىدۇ، بالا بىلىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە داۋاملاشتۇرساق بولىدۇ.





# بالىلىقىمىز بىلەن دىراما ئويناڭ




كىچىك كارل گەپ قىلالمايدىغان ۋاقتىدا ئانىسى ئۇنىڭغا يۇنان - رىم ۋە غەربىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەرنىڭ چۆچەك، رىۋايەتلىرىنى ئېيتىپ بېرەتتى، كىچىك كارل گەپ قىلالايدىغان بولغاندىن كېيىن، ئانىسى بۇ چۆچەكلەرنى ئۇنىڭ بىلەن رول ئېلىپ ئوينايتتى.

كارل ۋېتىر ئوغلىغا تارىخىي ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بەرگەندىمۇ، دىراما ئويناش ئۇسۇلىنى قوللىناتتى. چۈنكى ئوغلى بۇ دىرامىغا قاتناشقاندىن كېيىن ۋەقەلەرنى ناھايىتى ئاسانلا ئېسىدە ساقلىۋالالايتتى. بىر قېتىم كىچىك كارل روھى چۈشكۈن ھالەتتە ئۆيگە قايتىپ كەلدى. دادىسى ئۇنىڭدىن نېمە بولغانلىقىنى سورىغاندا ئۇ، «بۈگۈن مۇئەللىم سورىغان تارىخىي سوئالغا جاۋاب بېرەلمىدىم، لېكىن سىنىپتىكى باشقا بىر بالا تولۇق جاۋاب بەردى» دېدى. دادىسى ئۇنىڭدىن: «مۇئەللىمىڭ قانداق سوئاللارنى سورىدى؟» دېگەندە ئۇ: «مۇئەللىم تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ كونكرېت يىلنامىسىنى سورىدى. مەن ئۇ ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ، يىلنامىسىنى بىلمىدىم» دېدى.

كارل ۋېتىر مېھرىبانلىق بىلەن ئوغلىغا، ئۇ يىلناملەرنى بىلمىسە ھېچ ئىش ئەمەسلىكىنى، جاۋاب بېرەلىگەن ئۇ ئوقۇغۇچىنىڭ پەقەت يىلناملەرنىلا ئەستە ساقلىشىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوقلۇقىنى، بۇ ئىش ئۈچۈن كۆڭلىنى يېرىم قىلىشىنىڭ ئەرزىمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.




كارل ۋېتىر ئوغلىغا كومېدىيە ئويۇنلاش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، تەربىيە قىلىپ، ئىنتايىن ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكەن ئىدى. كىچىك كارل بەش ياش ۋاقتىدىلا ئوتتۇز مىڭ سۆزلۈكنى ئەستە ساقلىيالىغان ئىدى. ئەقلىي قابىلىيىتى ئادەتتىكىدەك ئون نەچچە ياشلىق بالىلارمۇ بۇ دەرىجىگە يېتەلمەيدۇ. مەكتەپتىكى تارىخ دەرسلىكىنىڭ ھەممىسى يىلناملەرنى ئەينەن كۆچۈرۈۋالغان، ئېتىقسىز، ئازراقمۇ قىزىقارلىق ئەمەس بولغاچقا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزىقىشىنى پەقەتلا قوزغىيالماي، ئەكسىچە ئوقۇغۇچىلارغا ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق تۇيۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ مەززىسىز مەزمۇنلارنى ئەستە ساقلىيالماسلىقى ھەقلىق. بالىنىڭ ئەستە تۇتۇشىغا كەيپىيات ئىنتايىن چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئاتا - ئانىلار ئاماللىنىڭ بارىچە بالىنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىشى، بالا ئۆزى خالاپ ئەستە تۇتۇشى، بالىنىڭ ئوبرازلىق ئېسىدە ساقلاش ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىشى كېرەك.

www.uyghurkitap.com






# بۇ ھايۋاننىڭ ئىسمى نېمە؟

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: ھايۋانات رەسمى، رەڭلىك قەلەم

ئويناش ئۇسۇلى

1. ھايۋانلارنىڭ رەسىملىرىنى تەرتىپ بويىچە ئۈستەل يۈزىگە تىزىپ، خالىغان تۆت ھايۋاننىڭ ئىسمىنى دەيمىز، مەسىلەن: مايمۇن، سەككىزئاياغ، ئات، توشقان. ھەربىرىنىڭ ئىسمىنى ئىككى قېتىمدىن دەيمىز.

2. بالا تىزىپ قويغان رەسىملەردىن بىز ئىسمىنى ئاتىغان ھايۋاننىڭ رەسىمىنى تېپىپ كۆرسىتىدۇ ھەم رەڭلىك قەلەم بىلەن چەمبىرەك ئىچىگە ئېلىپ، سىزىپ قويىدۇ.

3. چەمبىرەك سىزىلمىغان ھايۋاننى كۆرسىتىپ تۇرۇپ بالىدىن: ئۇلار نەدە تۇرىدۇ؟ نېمە يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ؟ ئۇلار قانچىلىك چوڭلۇقتا؟ قانداق ئاۋاز چىقىرىدۇ؟ دېگەنلەرنى بالىغا تەپسىلىي سۆزلىتىمىز.

يېڭى باشلانغاندا بالىنىڭ سۆزلىگىنى تولۇق بولماسلىقى مۇمكىن،بالىغا تولۇقلاپ دەپ بەرسەك بولىدۇ، بالا بىلىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە داۋاملاشتۇرساق بولىدۇ.



# قونچاقلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: ھايۋانات رەسمى، رەڭلىك قەلەم

ئويناش ئۇسۇلى

1. ھايۋانلارنىڭ رەسىملىرىنى تەرتىپ بويىچە ئۇستەل يۈزىگە تىزىپ، خالىغان تۆت ھايۋاننىڭ ئىسمىنى دەيمىز، مەسىلەن: مايمۇن، سەككىزئاياغ، ئات، توشقان. ھەربىرىنىڭ ئىسمىنى ئىككى قېتىمدىن دەيمىز.

2. بالا تىزىپ قويغان رەسىملەردىن بىز ئىسمىنى ئاتىغان ھايۋاننىڭ رەسىمىنى تېپىپ كۆرسىتىدۇ ھەم رەڭلىك قەلەم بىلەن چەمبىرەك ئىچىگە ئېلىپ، سىزىپ قويىدۇ.



3. چەمبىرەك سىزىلمىغان ھايۋاننى كۆرسىتىپ تۇرۇپ بالىدىن: ئۇلار نەدە تۇرىدۇ؟ نېمە يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ؟ ئۇلار قانچىلىك چوڭلۇقتا؟ قانداق ئاۋاز چىقىرىدۇ؟ دېگەنلەرنى بالىغا تەپسىلىي سۆزلەتىمىز.

يېڭى باشلانغاندا بالىنىڭ سۆزلىگىنى تولۇق بولماسلىقى مۇمكىن، بالىغا تولۇقلاپ دەپ بەرسەك بولىدۇ، بالا بىلىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە داۋاملاشتۇرساق بولىدۇ.



بالىنىڭ ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارى مەشىقنى بالا يېتەرلىك ئۇخلىغان، روھىي ھالىتى ياخشى ۋاقىتتا قىلىش، ھەم ۋاقىتى بەك ئۇزۇن بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك. بالىنىڭ روھىي ھالىتى ياخشى ۋاقىتتا قىزىقىشى يۇقىرى بولىدۇ، ئاكتىپچانلىق بىلەن ئەستە ساقلايدۇ. ئەلۋەتتە ياشتىن كىچىك بالىلارنىڭ مېڭىسى يېتەرلىك ئارام ئالالىسا، ئۇيقۇسى يېتەرلىك بولسا ئاندىن چوڭ مېڭىسىنىڭ يېتىلىشى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# بالىنىڭ تەسەۋۋۇرىغا ھۆرمەت قىلىڭ




كارل ۋېتىر بەزىدە ئوغلى بىلەن بەزى كىشىلەرگە غەلىتە تۇيۇلىدىغان ئويۇنلارنى، مەسىلەن: «تەسەۋۋۇرۇمدىكى دوستۇم» دېگەندەك ئويۇنلارنى ئوينايتتى. كىچىك كارل ئىككى ياشتىن ئاشقاندا، دادىسى ئىككىسى تەسەۋۋۇرىدىكى كىشى بىلەن دوست بولۇشقا كېلىشتى. كارل ۋېتىرنىڭ دوستىنىڭ ئىسمى «نېررى»، كىچىك كارلنىڭ دوستىنىڭ ئىسمى «رۇسسى» ئىدى. كارل ۋېتىر بىلەن ئوغلى يالغۇز قالغاندا، تەسەۋۋۇرىدىكى ئىككى دوستىنى چاقىرىپ، «تۆت ئادەم» بولۇپ ئوينايتتى. بۇ ئويۇن ئىنتايىن قىزىقارلىق بولۇپ، كىچىك كارل ئويناشقا ئامراق ئىدى، دادىسى ئۆيدە يوق چاغدا، ئۇ تەسەۋۋۇرىدىكى دوستى «رۇسسى» نى چاقىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئويناپ، يالغۇزلۇق ھېس قىلمايتتى. بىراق ئۇلارنىڭ ئۆي خىزمەتچىسى بۇنى زادى چۈشىنەلمەي، كارل ۋېتىرغا: «ئەپەندىم، ئوغلىڭىز بىر ئاز غەلىتە، خۇددى ئەرۋاھ بىلەن ئوينىغاندەك ئوينايدۇ» دېگەن ئىدى.




بەزى تەتقىقاتلاردا ئىسپاتلىنىشىچە، جۇڭگو بالىلىرىنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچى غەرب بالىلىرىنىڭكىدىن خېلىلا تۆۋەن ئىكەن. نۇرغۇن كىشىلەر بۇنى مائارىپ تۈزۈلمىسىگە ئارتىپ قويىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بالىنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچىنى يېتىلدۈرۈشتە، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ رولى مەكتەپ ۋە ئوقۇتقۇچىنىڭ رولىدىن خېلىلا چوڭ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بالىنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە يېتىلدۈرۈشتە بالىلىق مەزگىلى ئەڭ ھالقىلىق مەزگىل. شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار بۇ مەزگىلنى چىڭ تۇتۇپ، ھەر خىل نۇقتىلاردىن بالىنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى كېرەك.

تەسەۋۋۇر بالىلارنى ئۈمىدۋار قىلىدۇ. بۇ كەلگۈسىدىكى تۇرمۇش ۋە ئۆگىنىشكە پايدىلىق. مول تەسەۋۋۇر كۈچىگە ئىگە ئادەم تېخىمۇ بەختلىك بولىدۇ.








# چۇۋۇش

ماس كېلىدىغان يېشى: **3 ~ 6 ياشقىچە**

كېرەكلىك نەرسىلەر: **كونا ئويۇنچۇق ياكى نەرسىلەر**

ئويناش ئۇسۇلى

**1. ئاتا ـ ئانىلار ئۆيدىكى ئىشلەتمەيدىغان نەرسىلەر ياكى بالا ئوينىمايدىغان ئويۇنچۇقلارنى بالىغا چۇۋۇشقا بەرسە بولىدۇ.**

**2. قىزىقىدىغانلىرى كۆپ بالىغا قىممەت باھالىق ئويۇنچۇقلاردىن بەرسە بولىدۇ. كېرەكسىز رادىيونىڭ جەلپ قىلىش كۈچى يۇقىرى بولىدۇ.**

**3. بالا نەرسىلەرنى چۇۋۇشقا ئامراق بولىدۇ، شۇڭا بالىلارنىڭ نەرسىنى بۇزۇۋېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، كېرەكسىز ياكى كونا نەرسىلەرنى بالىغا بېرىش كېرەك.**

**4. بالا بىر نەرسىنى چۇۋۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاتا ـ ئانىلار بالىنى ئۇ نەرسىنى قايتىدىن قۇراشتۇرۇپ، سىناپ بېقىشقا ئىلھاملاندۇرۇشى كېرەك.**



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# كىم بولسەن

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

1. بالا كارتون فىلىم ياكى تېلېۋىزىيە تىياتىرى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن ئاسانلا فىلىمدىكى شەخسلەرنىڭ تەسىرىگە ئوخشايدۇ، ھەم ئۆزى قىزىققان شەخسنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى دوراپ باقىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئاتا ـ ئانىلار بالىنى توسۇماسلىقى ھەم مەسخىرە قىلماسلىقى كېرەك.

2. بالا كارتون فىلىم كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، كىچىك قىزلار «پەرىزات» دېگەندەك روللارغا قىزىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىرلىكنى يېپىنىپ، لۆڭگىنى تاقاپ، پەي قاققۇچنى قولىغا ئېلىپ، پەرىزات بولۇپ ياسىنىشى مۇمكىن. ئوغۇللار «قەھرىمان» روللارغا قىزىقىدۇ، ئويۇنچۇق تاپانچىسىنى ئېلىپ، ئۆزىنى رەزىللىكنى يوقىتىپ، ياخشىلىقنى ئەۋج ئالدۇرىدىغان قەھرىمان چاغلايدۇ.

3. بالىنىڭ بۇ خىلدىكى ھەرىكەتلىرىگە ئاتا ـ ئانىلار ماسلىشىپ، ئۇلار بىلەن بىللە ئويناپ، بالىنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا شارائىت ھازىرلاپ بېرىشى كېرەك.



# قۇش ياساش



ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: ھەر خىل شەكىلدىكى يوپۇرماقلار، قايچا، شىلىم، ماي بوياق قەلىمى، ئاق قەغەز

ئويناش ئۇسۇلى

1. بالا بىلەن بىللە ھەر خىل شەكىلدىكى يوپۇرماقلارنى يىغىمىز.

2. يوپۇرماقلارنى پاكىز يۇيۇپ، قۇرۇتۇپ، تۈزلەيمىز.

3. ئالدى بىلەن بىر كىچىك قۇشنىڭ شەكلىدە چاپلاپ بېرىپ، بالىغا تەقلىد قىلغۇزۇپ چاپلاتقۇزىمىز.

4. بالىغا تەسەۋۋۇر كۈچىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، يوپۇرماقلاردىن ھەر خىل شەكىلدىكى كىچىك قۇشلارنى چاپلاتقۇزۇپ، مۇۋاپىق ئارقا كۆرۈنۈش سىزغۇزىمىز.



بالا ھەمىشە ئۆزىنى مەلۇم شەخس دەپ قاراپ، ئۇ شەخسنىڭ سۆزلىرىنى، ھەرىكەتلىرىنى دوراپ باقىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار بالىنىڭ بۇ سەبىيلىك ۋە قىزىقىشىغا ھۆرمەت قىلىشى، بالىغا تەسەۋۋۇرىنى جارى قىلدۇرۇش بوشلۇقى يارىتىپ بېرىشى، بالىنىڭ بۇ خىل ھەرىكىتىنى نورمال دەپ قاراپ، تەسەۋۋۇر كۈچىنى يېتىلدۈرۈشكە ياردەم بېرىشى كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

**图书在版编目(CIP)数据**

用游戏来教育孩子. 1：维吾尔文 / 比拉力·牙合甫编译. -- 乌鲁木齐：新疆人民卫生出版社, 2014.8
ISBN 978-7-5372-5786-2

Ⅰ. ①用… Ⅱ. ①比… Ⅲ. ①游戏课－学前教育－教学参考资料－维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ. ① G613.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2014)第 224953 号

# بالىڭىزنى ئويۇن ئارقىلىق تەربىيەلەڭ (1)

تەرجىمە ئاساسدا تۈزگۈچىلەر: بىلال ياقۇپ، ئاينۇر دولقۇن، زەينۇرە ئەركىن

پىلانلىغۇچى: ئۆمەرجان ئەمەت
مەسئۇل مۇھەررىرى: پەرىدە غوپۇر
مەسئۇل كوررېكتورى: چولپان تۇرسۇن
مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: خەمىدە سەئىد ئالىم
تېخنىكىداكتور: ئالتۇنگۈل يۇنۇس
رەسساملار: ئەخمەتجان ئابدۇرېھىم، بەختىيار مۇختار
نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى بۆلاقبېشى كوچىسى 196 - نومۇر
تور ئادرېسى: http://www.xjpsp.com
باسقۇچى: ئۈرۈمچى جۇنشىڭ باسما زاۋۇتى
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
نەشرى: 2014 - يىلى 8 - ئاي 1 - نەشرى
بېسىلىشى: 2015 - يىلى 5 - ئاي 1 - باسمىسى
فورماتى: 787 × 1092 م م 1/16 كەسلەم
باسما تاۋىقى: 10
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-5372-5786-2
تىرازى: 5000 - 1
باھاسى: 37.00 يۈەن

تارقىتىش بۆلۈمى تېلېفون نومۇرى: 2823055 (0991) پوچتا نومۇرى: 830001